# ئومسنڭ تیگی ئالتون

(سیاسه‌تنامه)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# ئۇمىنىڭ تېگى ئالتۇن

(سىياسەتنامە)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئابدۇلھەمىد ياسىن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زاماننىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ئۆمىدنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەن كىتابتا سالجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ جامائەت ئەربابى ۋە ئالىمى نىزامۇل مۇلك (؟ — 1092) نىڭ ھاياتى ۋە «سىياسەتنامە» ناملىق ئەسىرى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن تارمىقى

— بولىدى ئىشلىمەيمەن، — ئەدەبىيات كىتابىدىكى تاپشۇرۇقلىرىنى بىر ئوبدان ئىشلەپ بولۇپ، ماتېماتىكا كىتابىدىكى تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ ئولتۇرغان قىزىمنىڭ بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشى دىققىتىمنى تارتتى. مەن ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىك قاپلاپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ قويۇپ:

— نېمىشقا ئىشلىمەيسىز قىزىم؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ تۇمشۇقىنى ئۈمچەيتكىنىچە:

— بەك تەسكەن، قايتا - قايتا ئىشلەپمۇ ئىشلىيەلمەيۋاتسام، — دېدى.

— ئۇنداقتا مەن چۈشەندۈرۈپ قويسام بولىدىغۇ؟

— بولدى، ئىشلىمىگەنگە نېمە بولاتتى؟...

قىزىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتقان ھالىتى مېنى چۆچۈتۈپ قويدى. «ئىشلىمىگەنگە نېمە بولاتتى» دېگەن سۆز بىلەن «قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن چوقۇم ئىشلەيمەن» دېگەن سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا نەقەدەر زور پەرق بار - ھە. گەرچە ئۇ تېخى كىچىك، ئەمدىلا مەكتەپ يېشىغا توشقان سەبىي بالا بولسىمۇ بۇ دېگەن ئىرادە، ئۈمىد مەسىلىسى، خاراكتېر مەسىلىسى ئەمەسمۇ؟ كىچىكىدىن تارتىپ چوقۇم قىلالايمەن دەيدىغان جاھىللىق بىلەن ئەمەس، ئۈمىدسىزلىك ھاڭلىرىنىڭ گىرۋەكلىرىدە يۈرگەن ئەۋلادلاردىن نېمىنى كۈتكىلى بولسۇن؟ بۇلارنى ئويلىغىنىمدا

ئىختىيارسىز قەلبىم ئەنسىرەش ئىزتىراپلىرىدا پۇچىلاندى. ئەجدادلىرىمىز ئۈمىدۋارلىق ئىلكىدە غايە بىلەن ياشىغان هاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىلىك ھايات ئىكەنلىكى، ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئۆمۈرنىڭ بەرىكىتىنى كەتكۈزىدىغان شەيتان ئىكەنلىكىنى، ئۈمىدسىزلىك باياۋانلىرىدا چوڭ بولغان ئەۋلادلارنىڭ ئاخىرىدا يەر شارىغا يۈك بولۇپ، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ خۇش قىلالماي ماڭقۇرتلارچە ياشاپ ئۆتىدىغانلىقى كۆپ كىتابلاردا قەيت قىلىنغان. توغرا، ئۈمىد دېگەن روھىي ئوزۇق، ئۈمىدۋارلىق دېگەن ھاياتلىقنى گۈللىتىدىغان قۇياش نۇرى!

قىزىمنىڭ كىچىك تۇرۇپ بۇنچە ئاسان ۋاز كېچىدىغان، ئۈمىدسىز كەيپىياتىدىن راستىنلا چۆچۈپ قالدىم. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ ھاياتقا ئۈمىدسىز نەزەر بىلەن قارايدىغان زەيىپانە ئەۋلاد بولۇپ قېلىشى مېنىڭ كۆتكەن ئارزۇيۇم ئەمەسقۇ؟ ياق، قىزىم بىر جاسارەتلىك ئەۋلاد بولۇشى كېرەككى ئەجدادلارنىڭ روھى خۇش بولغىدەك. توغرا، نېمىگە قاراپ تۇرىمەن، ھازىردىن باشلاش كېرەك. ئۇنىڭ مۇشۇ ياش نوتا ۋاقتىدىن تارتىپ تەربىيىلىشىم، ئېگىلمەس - پۈكۈلمەس خاراكتېر يېتىلدۈرۈشۈم كېرەك. سەللا چوڭىيىپ، قاتايغان دەرەخكە ئايلانسا ئۇنىڭغا ھەرقانداق تەربىيىمۇ بىھاجەت بولۇپ قالىدۇ. ھازىردىن تارتىپ باشلىشىم كېرەك.

شۇلارنى ئويلىغىنىمدا قىزىمنىڭ ھەركۈنى ماڭا «چۆچەك ئېيتىپ بېرىسەن» دەپ تەلمۈرۈپ تۇرۇۋالىدىغان، قانچە كۆپ چۆچەك ئېيتىپ بەرسەم قانماي ئاڭلايدىغان ھالىتى كۆز ئالدىمغا كەلدى ۋە بىردىن ئۇنىڭغا غايە، ئېتىقاد تەربىيىسى بېرىدىغان، ئۈمىدۋارلىق بەخش ئېتىدىغان ئۇسۇلنى تاپقاندەك بولدۇم.

ئاندىن كىرىپ كىتاب جاھازامنى ئاختۇرۇشقا باشلىدىم. «مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمدارلىق يولى» (سىياسەتنامە) دېگەن كىتاب قولۇمغا چىقىشى ھامان كۆز ئالدىم يورۇپ، قىزىمنىڭ ئۈمىدسىزلىك، روھسىزلىقىغا باپ كېلىدىغان ئېسىل دورىنى تاپقاندەك بولدۇم ۋە كۈلۈمسىرىگەن پېتىم ئۇ كىتابنى ئېلىپ قىزىمنىڭ ئويۇنچۇقلىرىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويدۇم. ئاندىن ئۇنى كۆزەتكەچ ئىشلىرىمنى قىلدىم. ئۇنىڭغا تاپشۇرۇق ئىشلەشنىڭ، ئىشلىيەلمىسە سوراپ، بەل قويۇۋەتمەستىن تىرىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى سۆزلەپ ئولتۇرمىدىم. بىر چاغدا ئۇ دېگەندەك ھېلىقى كىتابنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە قىزىقسىنغان ھالدا قولىغا ئېلىپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئاندىن يېنىمغا كېلىپ:

— دادا، بۇ نېمە كىتاب؟ — دەپ سورىدى.

ئۇنىڭدىن دەل شۇ سوئالنى كۈتۈپ تۇرغان مەن خۇشال بولدۇم ۋە قىزىمنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ئالدىرىماي:

— بىلگۈڭىز كېلىۋاتامدۇ، قىزىم؟ — دەپ سورىدىم.

— ھەئە، — دېدى ئۇ يەنە ماڭا چېكىتتەك كۆزلىرىنى قاداپ تۇرۇپ.

— بۇ كىتابچۇ، قىزىم، شەرق دۇنياسىنى ئاجايىپ لەرزىگە سالغان كاتتا ئەسەر، ئۇلۇغ سەلجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر ۋەزىرى نىزامۇل مۇلكنىڭ «مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمدارلىق يولى» يەنى «سىياسەتنامە» دېگەن كىتاب. بۇ كىتابتا نۇرغۇن ھېكايە، ھېكمەتلەر بار.

— ۋاھ، شۇنداقمۇ، ئۇ نىزامۇل مۇلك دېگەن قانداق كىشى؟ — قىزىمنىڭ مېنى توختىماي ھېكايە سۆزلىتىدىغان سەبىي سوئاللىرى يەنە باشلاندى. ئەمما مەن بۇنىڭدىن شادلانماقتا

ئىدىم.

— دۇنيادا كىتاب يازغان نۇرغۇن ئادەملەر بار، قىزىم. ئەمما ئۆز دېگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاپ بولۇپ ئاندىن كىتاب يازغان كىشىلەر ساناقلىقلا. مانا بۇ نىزامۇل مۇلك بولسا شەرق مەرۋايىتىدەك چاقنىغان بۇ كىتابىنى پۈتۈن ئۆمرىدە توپلىغان تەجرىبىلىرىنى قايتا ـ قايتا تەھقىقلەپ، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئەبۇ ئەلى ھۈسەيىن. تەخەللۇسى نىزامۇل مۇلك. ئۇ مىلادىيە 1018 ـ يىلى بەيھەقىيە ئۆلكىسىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ يىگىتلىك دەۋرىدىكى ھاياتى ھەممىگە تونۇشلۇق. ئۇنىڭ ئاتىسى بەيھەقىيەدىكى يەرلىك كىشىلەردىن ئىدى. ئۇ تۇسقا كېلىپ باجگىر سالاھىيىتىدە غەزنەۋىلەر خانىدانلىقىغا خىزمەت قىلغان.

ھىجرىيە 431 ـ يىلى (مىلادىيە 1040 ـ يىللىرى) سۇلتان مەسئۇدنىڭ مەغلۇبىيىتى تۈپەيلىدىن خۇراسان سەلجۇقىيلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندە ھۈسەيىننىڭ ئاتىسى ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ غەزنىگە كەلدى. ھۈسەيىن غەزنەۋىلەر ھۆكۈمىتىدە بىر مەھەل خىزمەت قىلغان. ئەمما بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئۇ بۇ جايدىن ئايرىلىپ، خۇراساندىكى سەلجۇقىيلارنىڭ ئاغا ـ ئىنى داھىيلىرى توغرۇل بەگ بىلەن چاغرى بەگ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى بۆلۈشۈۋالغانىدى. توغرۇل بەگ غەربىي قىسمىنى ئىدارە قىلغان بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق مەركىزى باغدادتا تەسىس قىلىنغانىدى؛ چاغرى بەگ شەرقىي قىسمىنى ئىدارە قىلىشقا مەسئۇل بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق مەركىزى مەرۋىدە ئىدى. مىلادىيە 1062 ـ يىلى چاغرى بەگ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، توغرۇل بەگ ئالىي

ھۆكۈمرانغا ئايلاندى. چاغرى بەگنىڭ ئوغۇللىرى بولسا، ئاتىسىنىڭ ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىپ خۇراساننىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولۇپ قالدى.

بۇلارنى سىزگە سۆزلەپ بېرىشىم، قىزىم، نىزامۇل مۇلك دەل ئاشۇ چاغرى بەگنىڭ چوڭ ئوغلى ئالىپ ئارسلان خاننىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى ئىدى. شۇنداق، ئالىپ ئارسلان ئاتىسىنىڭ ئورۇنباسارى سۈپىتىدە شەرقىي خۇراساندا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاندا نىزامۇل مۇلكنىڭ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتقىنىغا ئۇزۇن يىللار بولۇپ قالغانىدى. چاغرى بەگ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھلىق ئويلىمىغان يەردىن ئالىپ ئارسلاننىڭ ئىنىسى سۇلايمانغا قالدى. بۇ خەۋەر خۇراسانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئالىپ ئارسلان ئىنىسىغا ئىتائەت قىلىشنى خالىماي نىزامۇل مۇلكنىڭ كۈچلۈك قوللىشى بىلەن ئۆزىنى تۇغرۇل بەگنىڭ ۋارىسى دەپ ئېلان قىلدى. ئالىپ ئارسلاننىڭ پادىشاھ بولۇشىغا ئۇنىڭ كۆپلىگەن تۇغقانلىرى نارازى ئىدى. ئاقىۋەت ۋەزىر نىزامۇل مۇلكنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالىپ ئارسلان ئۆزىنىڭ ئىككى تاغىسى، يەنى رەي شەھىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغان شىھابۇددەۋلە ۋە ھىرات ۋالىيسى ياقۇب بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئاخىرىدا ئالىپ ئارسلان غالىب كېلىپ ئۇلارنى تىز پۈكتۈردى.

نىزامۇل مۇلكنىڭ ياردەملىشىشى، كۈچلۈك ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرلىرى ئاستىدا ئالىپ ئارسلان ماۋەرائۇننەھر رايونى ۋە خۇراساننىڭ ۋەزىيىتىنى ئىزىغا چۈشۈرگەندىن كېيىن ئەرمىنىيە ۋە شەرقىي رىم زېمىنىغا ئۇرۇش قوزغىدى. نىزامۇل مۇلكنىڭ ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى

دانالىقىدىن 10 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا سەلجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ زېمىنى ھازىرقى ئىران، ئافغانىستان، پاكىستان، ماۋەرائۇننەھەر (قازاقىستاننىڭ جەنۇبى، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان)، جەنۇبىي كاۋكاز (گىرۇزىيە، ئەرمىنىيە، ئەزەربەيجان)، داغىستان، ئاناتولىيە (تۈركىيە)، ئىراق، سۈرىيە، پەلەستىن، لىۋان، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى تاقىم ئاراللار، ئىئوردانىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئومان، بەھرەين، قاتار، كۇۋەيت، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيدى.

دېمەك، قىزىم، بىر دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان نىزامۇل مۇلك ئۈمىدۋارلىقى ۋە ئېگىلمەس ـ سۇنماس روھى بىلەن ئۆمرىدە ئالىپ ئارسلان ۋە مەلىك شاھقا خىزمەت قىلىپ ۋەزىرلىكنى ئۆتىگەن مەزگىلدە غەربتە ئانتاكىيە (تۈركىيە)دىن شەرقتە قەشقەرىيەگىچە بولغان كەڭ سەلجۇقىيلار زېمىنىنى قولغا ئېلىپ باشقۇردى ۋە بۇ پايانسىز زېمىندا يۈز بەرگەن كۆپلىگەن ۋەقەلەرنى ئىدىتلىق بىر ياقلىق قىلدى. خەلىپىلىككە قارىتا قوللىنىلغان سىياسەتلەرنىمۇ نىزامۇل مۇلك تۈزۈپ چىققان بولۇپ، ئۇ ئۆز ئۆمرىدە ناھايىتى ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشىغان ھەم ھەرقانداق قىيىنچىلىقتا ئۇچرىسا قىلچە بەل قويۇۋەتمەستىن ئەقىل ئىشلىتىپ ئوڭۇشلۇق ھەل قىلغان. شۇنداقلا ئۆزى تۈزگەن ھۆكۈمدارلىق ئۇسۇللىرىنى يىغىنچاقلاپ 22 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمدارلىق يولى دېگەن بۇ كىتابنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب يەنە «نەسىھەتۇل مۇلك» دېگەن نام بىلەنمۇ كەڭ جاھانغا تارقىلىپ، نۇرغۇن داڭلىق ئالىم، ھۆكۈمدارلار بۇ كىتابنى ۋە بۇ كىتابتىكى

مەزمۇنلارنى ئۆگەنگەن.

— دادا، ئۇنداقتا بۇ كىتاب ئەسلىي قاچان يېزىلغان؟ قانچە چوڭلۇقتا يېزىلغان؟

— ئوماق قىزىم، توغرا ئېيتتىڭىز، بۇ كىتابتىكى مەزمۇنلارنى بىلىشتىن ئاۋال بۇ كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولغۇڭ كېلىۋاتىدۇ ـ ھە؟ بۇنچە سۆزلەۋەرسەم زېرىكمەمسىز؟

— نەدىكى زېرىكىش، تېزراق سۆزلەڭا، نىزامۇل مۇلكنىڭ بۇ كىتابى ھەققىدە شۇنداق بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ.

— ھە ماقۇل، قىزىم. نىزامۇل مۇلكنىڭ ئۆز دەۋرى ھەققىدە يازغانلىرى كۆپىنچە ئالىپ ئارسلان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىرىنچى بۆلۈمدىكى مەلىك شاھ زامانىسىدىكى ئىشلار تىلغا ئېلىنغان يېگانە مەزمۇن 33 ـ بابنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى بولۇپ، بىز سەمەرقەند ۋە ئۆزكەنتكە بارغىنىمىزدا دېگەن بۇ جايدا كۆرسەتكىنى تارىختىكى ھىجرىيە 481 — 472 ـ يىللىرى، مىلادىيە 1088 — 1089 ـ يىللاردىكى ئاشۇ ئۇرۇش بولسا، ئۇھالدا مەزكۇر ئەسەر مىلادىيە 1088 ـ يىلىدىن تارتىپ 1091 ـ يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان.

يەنە قىزىم ئاڭلاڭ، مەزكۇر ئەسەرنى تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

تەكلىپلەر: 1 ـ، 2 ـ بابتىكى مۇقەددىمە ۋە پادىشاھنىڭ ئىمانى ھەققىدىكى تەبلىغى، 44 ـ بابتىن، 47 ـ بابقىچە بولغان تارىخىي ۋەقەلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالدى بابلار بىردەك پادىشاھنىڭ قابىلىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىگە دائىر ئەمەلىي كۆرسەتمە بىلەن باشلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئەسەر ئادەمنى

ئۆخلىتىپ قويىدىغان كونىچە ئۇسلۇبتىكى پەند ـ نەسىھەتلەرگە پەقەت ئوخشىمايدۇ. بۇ ئەسەردىكى مەيلى پەندنامە بولسۇن، مەيلى ئۇزۇندە ـ رىۋايەتلەر بولسۇن، چوڭقۇر بەدىئىي ئىستېدات ئاساسىدا يېزىلغان. بۇ ئەسەردە يەنە باھا ۋە مۇھاكىمە، نەزەرىيىلەر پادىشاھلارنىڭ، شۇنداقلا ھوقۇق تۇتقانلارنىڭ ئۆرنەك قىلىشىغا تولىمۇ باب كېلىدىغان مەزمۇنلار بار.

دېمەك ئاڭلاپ تۇرۇپسىز قىزىم، نىزامۇل مۇلك ئۆز ئۆمرىدە تۆت ـ بەش ئادەممۇ بىرلىشىپ پۈتكۈزەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىپ شانلىق مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. سىزدىن سوراپ باقاي، ئۇنىڭ شۇقەدەر زور نەتىجە قازىنالىشىدا نېمە سەۋەب بار؟

ــــ دادا، مەندىن ئىمتىھان ئېلىۋاتامسىز؟ مەنمۇ ئەمدى چوڭ بولدۇم، سىزنىڭ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرەلەيمەن. نىزامۇل مۇلك ئۆزى بىر دېھقاننىڭ بالىسى بولسىمۇ ھەرقانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا قىلچە بوشاشماستىن ئالغا ئىلگىرىلەپ، زور چىدام ۋە غەيرەت بىلەن ياشاپ ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ بۇ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشى، پۈتۈنلەي ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ھەم ئېگىلمەس ـ سۇنماس ئىرادىسىنىڭ بولغانلىقىدىن بولغان.

ــــ رەھمەت قىزىم، ئەقلىڭىزگە باريكاللا.

ــــ دادا، بولدى ماختىماي، ئاخىرىنى، كىتابتا بايان قىلىنغان قىزىقارلىق ھېكايەتلەرنى ئېيتىپ بېرىڭە.

قىزىمنىڭ يەنە جاھىللىقى تۇتتى. ئەمما ئەمدى ئۇنىڭ رايىغا بېرىۋەرسەم بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ توختىۋالدىم ۋە ئۇنىڭغا قاراپ مېھرىبانلىق بىلەن:

ــــ قىزىم، ھېكايىنى ئاڭلاشتىكى مەقسىتىڭىز نېمە؟

— ۋايجان، ئۇنتۇپ قاپتىمەن. خەپ، سىزمۇ چۇشەندۇرۇپ قويماڭ، كىتابنى قايتا كۆرۈپ ئاشۇ تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ تۈگەتمەي قويمايمەن. ئاندىن سۆزلەپ بېرىدىغانسىز، دادا؟

— ئەلۋەتتە، ئەقىللىق قوزام، ئەمىسە تاپشۇرۇقىڭىزنى ئىشلەپ تۈگىتىڭ، ئاندىن سىزگە چوقۇم كىتابتىكى قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىمەن.

* *

قىزىمنىڭ تاپشۇرۇقنى ئىشلەيدىغان بولغانلىقى ئۇنىڭدا مۇستەھكەم ئىرادىنىڭ تىكلەنگەنلىكىنى بىلدۈرمەيتتى. ئۇ ھازىرچە نىزامۇل مۇلكنىڭ تىرىشچانلىقى، ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا قانچە توسالغۇلار بولسىمۇ باش ئېگمەي قالمايدىغان ئادەملىكىنى، ئۇ يازغان كىتابنىڭمۇ قانداقتۇ ئۆيگە سولىنىۋېلىپ ئىزدىنىپ ئولتۇرۇپلا پۈتكەن كىتاب بولماستىن بىر - بىرلەپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا يېزىلغان ئۆمۈر داستانى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقىقىي ئۆرنەك ئۆلگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھېكايەتلەرگە قىزىقتى. شۇنداق، مەن ئەمدى بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشۇم كېرەك. قىزىقارلىق ھېكايىلەر ئارىسىدا ئۇنى ئۇنىسىز ھالدا تەربىيىلەپ، دۇنيا قارىشىنى يېتىلدۈرۈپ، غايىلىك ئادەم بولۇشقا يېتەكلىشىم زۆرۈر.

مەن شۇ ئويلىرىم بىلەن بۇ بىباھا كىتابنىڭ ئالتۇن قۇرلىرىنى بىر - بىرلەپ ۋاراقلاشقا باشلىدىم. ئاندىن قىزىمغا ئېيتىدىغان جەۋھەرلەرنى، قىزىقارلىق تەپسىلاتلارنى كۆڭۈل خاتىرەمگە تىزىۋالدىم. دەل شۇ چاغدا قىزىم خۇددى ئاسلاندەك يېنىك قەدەملىرى بىلەن يېنىمغا كەلدى ۋە:

— تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلەپ بولدۇم. ئەمدى ۋەدىڭىزدە تۇرۇپ ئېيتىپ بېرەرسىز؟ — دېدى ئەركىلەپ.

— ماقۇل قىزىم، ئەمىسە ئوبدان ئاڭلاڭ، يەنە كېلىپ ئاڭلاپلا بولدى قىلىشقا رۇخسەت يوق. ھېكايە ئاخىرىدا سوئال بار.

— ماقۇل، ئەمما سىزگە دەپ قوياي، مەن ئۇخلاپ قالغان ھامان توختىتىڭ، بولمىسا ئەتە جاۋاب بېرەلمەي قالىمەن.

— ھە، ماقۇل، باشلىدىم ئەمىسە، — قىزىم يەنە قۇچىقىمدا تىنىق كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ، ئاسلاندەك يېنىك پۇشۇلداپ ئولتۇردى. مەن ھېكايەمنى باشلىدىم.

ھازىر سىزگە سۆزلەپ بېرىدىغان ھېكايىنىڭ ماۋزۇسى «يالغانچى ۋەزىرلەر ۋە گاس پادىشاھ». بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئەلنى ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن باشقۇرۇشنى ئويلايدىكەن ـ يۇ، بىراق قۇلىقى گاس بولغانلىقى ئۈچۈن، مەنسەپدارلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئەرز ـ شىكايەتكە كەلگەنلەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلغانىنىڭ ئۈستىگە سۆزلىرىنى پادىشاھقا توغرا يەتكۈزۈشمەيدىكەن. بۇنداق بولمۇەرسە ئاقىۋەت نېمە بولىدۇ؟ ئەلدە تەپرىقچىلىك ئاۋۇپ، مۇناپىق ئەمەلدارلار، نەپسانىيەتچى بەگلەر خەلقنىڭ بېشىغا دەسسەيدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ، قىزىم؟ ئەمما پادىشاھ ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بۇنى بايقاپ قاپتۇ. ئۇ ئۆز يېنىدىكى نەپسانىيەتچى ئەمەلدارنىڭ ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغانلىقىنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق ئەپچىل بىر چارە ئويلاپ چىقىپتۇكى، ھەرقانداق ئەمەلدارمۇ ئەرز قىلىپ كەلگەنلەرنى توسۇۋالالمايدىغان، ئۆزىنىڭمۇ گاسلىقى بىلىنمەيدىغان بوپتۇ. يەنى ئۇ دەرگاھىدىكى قاراۋۇلنى چاقىرتىپ دەپتۇكى:

— هۇزۇرىمىزغا ئەرز قىلىپ كەلگەنلەرنى بۇيىغدىن كىيىن ئۆزىمىز سورايمىز. لېكىن ئېيتىپ قويۇڭ، ئەرز ـ داد بىلەن كەلگەنلەر پەقەت قىزىل كۆڭلەك كىيىپ كەلسۇن.

ھەرەم قاراۋۇلى قوبۇل كۇنلىرى ئەرز ـ داد بىلەن كەلگەنلەرنى كۆرۈش خانا ئالدىدىكى مەيدانغا يىغىپ، ئاندىن پادىشاھ ئۇلارنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىپ بىر ـ بىرىدىن چاقىرىپ ئەرز ـ دادىنى ئاڭلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىر كۇنى ۋەزىرى ئەزەم پادىشاھتىن پۇرسەت تېپىپ سوراپتۇ.

— بۇنداق قىلىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — پادىشاھ جاۋاب بېرىپتۇ:

— بۇنداق قىلىشتا مۇلازىملار ۋە مەنسەپدارلارنىڭ دوزاخ ئازابىدىن قورقماي يالغان سۆزلەشلىرى سەۋەب بولدى.

— قېنى ئېيتىڭە، قىزىم، ئامال تېپىپ نەپسانىيەتچىلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغان، پارىخورلۇق، نەپسانىيەتچىلىكنى مۇشۇنداق توسىيالايدىغان بۇنداق پادىشاھنىڭ دۆلىتى خاراب بولامدۇ؟

— ياق، دادا، خاراب بولمايدۇ.

— ئەمىسە قايسى خىسلەت ۋۇجۇدىمىزدا مۇستەھكەم ئورۇنلىشىشى كېرەككەن.

— ھە، بۇنى بىلەلمىدىمغۇ، دادا، ئۆزىڭىز ئېيتىپ بېرىڭە؟

— ماقۇل شەيتان قىزىم، ۋۇجۇدىمىزدا يالغانچىلىقتىن ئىبارەت ئەڭ ئەشەددىي بىر مەرەز بولماسلىقى كېرەك. ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم، دادا، قېنى داۋامىنى...

— ھە ماقۇل، ئەمدى سىزگە «نەپسانىيەتچىلىكنىڭ

ئاقىۋىتى» دېگەن ھېكايىنى ئېيتىپ بېرەي. بەھرام گورنىڭ روست رەۋىشىن ئىسمىلىك ۋەزىرى بار ئىدى. پادىشاھ ھەممە ئىشنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ كەتتى. روست رەۋىشىن بۇنىڭدىن ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن پايدىلىنىشنى نىيەت قىلدى ۋە لەشكەر باشلىقى ئاملىنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

— پادىشاھ ھەزرەتلىرى ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئوۋ بىلەن، كېچىلىرى بولسا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ شارابخورلۇق ۋە گۈزەل نازىنىنلار بىلەن كەيپ ـ ساپا قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. مۇبادا دېگەنلىرىمنى قىلساڭ سېنىمۇ قۇرۇق قويمايمەن.

— جان دىلىم بىلەن، ھەزرىتى ۋەزىر ئەزەم، قېنى بۇيرۇڭ! — دېدى ـ دە، ئامىل ئىككى پۈكلىنىپ تەزىم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ۋەزىرنىڭ كۆڭلى تىندى ۋە ئاملىغا بۇيرۇدى:

— مەن كۆرسەتكەن ئادەملەرنى دەرھال زىندانغا تاشلا، مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىل!

— دېگىنىڭىزدەك بولىدۇ، جانابىي ۋەزىر ئەزەم! — دېدى ئامىل قول قوشتۇرۇپ. شۇندىن باشلاپ ئامىل ئادەملەرنى زىندانغا تاشلاشقا باشلىدى. ۋەزىر ئۇلاردىن كۆپلەپ پارا ئېلىپ قويۇپ بېرىۋەردى. ۋەزىر ئەزەم بارا ـ بارا خەزىنە باشلىقى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئاستا ـ ئاستا خەزىنىنىمۇ قۇرۇتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ قوشۇن توپلىماقچى بولۇپ، خەزىنىنى ئېچىپ قارىسا ئۇنىڭ ئىچىدە بىر دىنار پۇلمۇ قالماپتۇ. پادىشاھ چۆچۈگەن ھالدا شەھەرنى ئايلىنىپ چىقتى. بازارلار، رەستىلەر، قەھۋەخانىلار... ھەممىسى قۇپقۇرۇق. بەھرام گورنىڭ بېشى قېتىپ، مۇشرىفنى چاقىرتىپ تانابىنى تارتتى:

— سەلتەنەتتە نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ؟ سېنىڭ كۆزۈڭ نەگە كەتتى؟

مۇشرىف جاۋاب قىلدى:

— ئەي ھەزرىتىم، پۇقرالارنىڭ كۆپ قىسمى يۇرتىنى تاشلاپ ئەتراپلارغا قېچىپ كەتتى.

— نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولۇۋاتىدۇ؟

— بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدىم. . . — دەپ تىز پۈككىنىچە ئولتۇرۇۋەردى. شۇندىن كېيىن پادىشاھ باشقا مەنسەپدارلارنىمۇ چاقىرتىپ تەپتىش قىلدى.

لېكىن ئۇلارمۇ ۋەزىردىن قورقۇپ پادىشاھقا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتمىدى. بەھرام گور نېمە قىلىشنى بىلمەي، خالىي ئۆيىنىڭ ئىچىدىن تاقاپ، بۇ ھەقتە ئىككى كېچە، ئىككى كۈندۈز باش قاتۇردى. لېكىن ھەقىقەتنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. ئاخىرى ئۈچىنچى كۈنى تاڭ ئېتىشى بىلەن تەنھا ئۆزى شەھەردىن چىقىپ، چۆل تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. كۆپ يول باستى، لېكىن چۆلنىڭ چېتى كۆرۈنمەيتتى. كۈن پاتاي دېگەندە يىراقتىن ئىس كۆرۈندى. پادىشاھ «ئوت بار يەردە ئادەم بار» دەپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى شۇ تەرەپكە تارتتى. بىر چاغدا چوپاننىڭ ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن چېدىرى ئالدىدىن چىقىپ قالدى. چېدىردىن خېلى نېرىدا قويلار توپلىشىپ ياتاتتى. ئۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ قەدەم نېرىدا يوغان بىر سېرىق ئىت دارغا ئېسىقلىق تۇراتتى. بەھرام گور بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تەئەججۈپلەندى. ئەنە شۇ چاغدا چېدىردىن چوپان چىقىپ كەلدى ۋە ناتونۇش ئادەمنى كۆرۈپ ھەيران بولدى، مۇنداقلا باش ئىرغىتىپ سالام بەردى - دە، ئاندىن سورىدى:

www.uyghurkitap.com

— يول بولسۇن، مۇساپىر؟
بەھرام گور چوپاننىڭ ئۆزىنى تونۇمىغانلىقىدىن خۇشال بولدى ۋە كەمتەرلىك بىلەن جاۋاپ قايتۇردى:
— ئىسپىھانغا كېتىۋاتاتتىم، يولدىن ئېزىپ قالغان ئوخشايمەن. ياق دېمەي بىر كېچىگە باشپاناھ بولسىڭىز.
چوپان رازى بولدى ۋە ناتونۇش مېھماننى چېدىرغا تەكلىپ قىلدى. تاپقىنىنى قويۇپ ئۇنى مېھمان قىلدى. چاي ئۇستىدە پادىشاھ ئىتنىڭ نىمە ئۈچۈن مۇنداق ئېغىر جازاغا تارتىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراشتۇردى. چوپان مانا بۇلارنى ھېكايە قىلىپ بەردى:
— بۇ ئىت ئەسلىدە ماڭا بەكمۇ سادىق ئىدى، ئاز دېگەندە ئۈچ - تۆت بۆرىگە تەڭ كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، چارۋىنى ئىككى - ئۈچ كۈن تاشلاپ قىشلاققا چۈشۈپ كېلەتتىم. قويلاردىن بىرەرسىمۇ كېمىيىپ قالمايتتى. لېكىن يېقىندىن بېرى ئىت ئاينىپ قالدى.
بىر كۈنى قىشلاقتا بېرىپ كەلسەم، قويلاردىن بىر - ئىككىسى يوق بوپتۇ، «ھە، بوپتۇ، بىرەر ئەھۋال بولغاندۇ» دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم. يەنە بىر قېتىم قىشلاققا بېرىپ كەلسەم تۆت - بەش قوي يوقىلىپتۇ. كېيىنكى قېتىمدا ئون قوي يوق. مېنى ۋەھىمە باستى. ئويلاپ - ئويلاپ ماراپ بېقىشنى قارار قىلدىم.
بىر كۈنى كەچتە بىر پاناھ جايغا يوشۇرۇنۇپ ياتتىم. يېرىم كېچە بولغاندا ئەتراپتا بۆرە پەيدا بولدى. ئىتمۇ شۇ ئەتراپتىكەن. قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ بۆرىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. بۆرە بىلەن ئىت بىر - بىرىنى يالىشىپ كەتتى. . . كېيىن بۆلۈكىغا

بىرىپ پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتتى. ھېلىقى بۆرە بولسا قوي پادىسىغا ئېتىلىپ قويدىن بىرنى تۇتتى ۋە ئىچ ـ قارنىنى يېرىپلا يېيىشكە باشلىدى. ئىت بولسا، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋەردى. بۆرە بىلەن ئىتنىڭ بۇ خىلدىكى سودىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىشىمدىكى نەسچىلىككە مۇشۇ ئىتنىڭ زامىن بولغانلىقىنى بىلدىم. شۇڭا ئاسىيلىق قىلغان بۇ ئىتنى تۇتۇپ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردۈم.

ھېكايىنى ئاڭلىغان بەھرام گور تۇرۇپلا قالدى. قايتاشىدا مۇشۇ ئىشنى ئويلىغاچ ئاخىرى شۇنداق خۇلاسىگە كەلدى: «پۇقرالىرىم بەجايىكى مەن ئۇچۇن قوي پادىسى، ۋەزىرلىرىم بولسا چوپاندۇر. شۇنىسى ئايان بولدىكى، مەملىكەت ۋە پۇقرا ماللىمانغا پېتىپ قاپتۇ، ھەممىلا ئادەم قورقۇۋېتىپتۇ. مەن ئۇلاردىن ئەھۋاللارنى سورىغىنىمدا ئۇلار چىن سۆزلىرىنى ئېيتىشمىدى. ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇشتى. قىلىدىغان ئىشىم پۇقرانىڭ ۋەزىرگە بولغان باغلىنىشى ئىكەن».

ئۇ ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن قىلغان بىرىنچى ئىشى زىنداندىكى مەھبۇسلارنىڭ رويخېتىنى كۆرۈش بولدى. ئۇ پۈتكۈل رويخەتنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن روست رەۋشەننىڭ ئىپلاس قولىنى كۆرۈپ يەتتى. ئۇنىڭ پۇقرالارنى ئېزىۋاتقانلىقىنى بىلدى ۋە «بۇ روست رەۋشەن ئەمەس، قاراڭغۇدىكى كاززاپىكەن» دېدى. ئارقىدىنلا ئۇ ئۇلۇغلارنىڭ مۇنۇ ھېكمىتىنى يادقا ئوقۇدى: «ئېزگۈ نام ـ شەرەپكە ئۆزىنى ئۇرغانلار ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتتى. ئېزگۈ نام ـ شەرەپ بىلەن باشقىلارنى ئالدىغانلار جانلىرىنى يوقاتتى.» ئۇ يەنە، «مەن بۇ ۋەزىرنى ئەتىۋارلىغانىدىم، ھوقۇقىنىڭ چوڭىنى بەرگەنىدىم، شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭ كۈچىدىن

ئەيمىنىپ راست گەپنى ئېيتالمىغان ئىكەن. ئەتە ئۇ سارايغا سالامغا كەلگەندە ھەرقايسى بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇنى راسا بىر مەسخىرە قىلىپ باغلاقۇا ئالغۇزمەن ۋە پۇتىغا ئېغىر كىشەن سالدۇرىمەن. ئاندىن مەھبۇسلارنى ئالدىمغا چاقىرتىپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراشتۇرىمەن. شۇنداق بىر مەزمۇندىكى بىر پەرماننى جاكارلايمەن: روست رەۋشىنىنىڭ ۋەزىرلىكى ئىناۋەتسىز قىلىندى ۋە قاماققا ئېلىندى، مەڭگۈلۈككە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، كىمدە كىم ئۇنىڭ قولىدا ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان بولسا ئەرز قىلسۇن! شۇنداق پەرمان جاكارلىغىنىمدىلا ھەقىقەتنىڭ شان ـ شەۋكىتى جەۋلان بولغۇسى. ئەل ـ يۇرت بۇ پەرماننى كۆرگەندىن كېيىن ئىشنىڭ ھەقىقىتى مەلۇم بولىدۇ. ئەگەر كىشىلەر روست رەۋشىنىنىڭ ياخشىلىقىنى، ھېچكىمنىمۇ قاقتى ـ سوقتى قىلمىغانلىقىنى ئېيتسا بىز ئۇنى تېخىمۇ ئەتىۋارلايمىز. ۋەزىرلىكىنىمۇ بېرىمىز، ئەكسىچە بولسا ئۇنى قاتتىق جازاغا تارتىمىز» دېدى.

ئەتىسى بەھرام گور تەختتە ئولتۇرغاندا بەگلەر چەپراس بولۇپ، ۋەزىرىمۇ ئۆز ئورنىدا بەخۇدۇك ئولتۇردى. بەھرام گور بۇرۇلۇپ ۋەزىرگە سوئال قويدى: «جاي ـ جايلاردا كۆتۈرۈلگەن مالىمانچىلىق قانداق گەپ؟ قوشۇننىڭ لاۋازىمەتتىنى ئۆكسۈتۈپ دېھقانلارنى ۋەيران قىلدىڭ، بىز ساڭا ئەل تىرىكچىلىك قىلسۇن، دۆلەتنىڭ پاراۋانلىقىنى ئالغا سۈرسۇن دەپ يارلىق چۈشۈرگەندۇق. بىز ساڭا دېھقانلاردىن باج ۋە سېلىق يىغقاندا نورمىدىن ئاشمىسۇن، دېگەندۇق. بىز سېنى دۆلەت خەزىنىسىنى لىق تولدۇرۇشقا بۇيرۇغاندۇق. ئەمما بىزنىڭ كۆرگىنىمىز بوشاپ قالغان خەزىنە، لاۋازىمەتسىز قوشۇن، نامراتلاشقان دېھقانلار

بولدى. سەن ئۆزۈڭچە مېنى ئىچكۈلۈك بىلەن شىكارغا دۇم چۈشتى، ئەلنى ۋە خەلقنى ئۇنتۇپ قالدى، دەپ ئويلىغاندۇرسەن». بەھرام گور ئۇنىڭ ۋەزىرلىك مەنسىپىنى بىكار قىلىپ زىندانغا تاشلىدى. پۇتىغا ئېغىر كىشەن سالدۇردى. ئۇنىڭ جاكارچىسى قوۋۇققا چىقىپ، شاھنىڭ پەرمانىنى جاكارلىدى: «ئەيىۇھانناس! شاھ ئالىيلىرى روست رەۋشەننى ۋەزىرلىكتىن قالدۇردى. ئۇنى مەڭگۈلۈك ئىناۋەتسىز قىلدى. ئۇنىڭ ئۇۋالچىلىقىغا ئۇچرىغانلار قورقماي ئوردىغا كېلىپ ئەرز ـ دادىنى بايان قىلسۇن. پادىشاھ ئالىيلىرى ھەقىقەت نۇرىنى ئادىل ـ ئادالەت سۈيى بىلەن سۇغارماقچى.» بەھرام گور زىندان ئىشىكىنى ئاچتۇرۇپ مەھبۇسلارنى ئالدىغا چاقىرتتى ۋە ئۇلارنىڭ جىنايىتىنى بىر ـ بىرلەپ سورىدى.

بىر مەھبۇس ئېيتتى: «ناھايىتى دۆلەتمەن بىر قېرىندىشىم بار ئىدى. روست رەۋشەن ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ ئۇنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلىنى سېيرىپ ـ شۇلىۋالدى ۋە قېرىندىشىمنى قاتتىق قىيناپ ئۆلتۈردى. كىشىلەر روست رەۋشەندىن قېرىندىشىمنى نېمىشقا ئۆلتۈرگەنلىكىنى سورىغاندا ئۇ ئىبلىس، قېرىندىشىمنى ئەلنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئالاقىدە بولغان، دەپ قارىلىدى. پادىشاھقا شىكايەت قىلماسلىقىم ئۈچۈن مېنى زىندانغا تاشلىدى»

يەنە بىرى ئېيتتى: مېنىڭ چۆپلىرى بوككىدە ئۆسكەن، رەڭگارەڭ گۈللەرگە پۈركەنگەن بىر گۈلزارلىق چاھار بېغىم بار ئىدى، بۇ چاھار باغ ماڭا ئاتامدىن مىراس قالغان. روست رەۋشەننىڭ چاھار باغلىرىدىن بىرى مېنىڭ چاھار بېغىمغا قوشنا ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ باغقا كىرىپ چاھار باغدىن كۆزنى

ئۆزەلمەيلا قالدى ۋە سىتىۋالماقچى بولدى. ئەمما مەن ئۇنىمىدىم. شۇنىڭ بىلەن مىنى تۇتۇپ كېلىپ زىندانغا تاشلىدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئاڭلىشىمچە پۇستانى زاتى مۇبارەكنىڭ قىزى بىلەن چاتىقىڭ بار ئىكەن. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا يېتىپ ئاشقۇدەك گۇناھ، چاھار بېغىڭنى ئۇنتۇپ كەتكىن، بىر پارچە توختام پۈتۈپ چاھار باغنى كېرەك قىلمايدىغانلىقىڭنى ۋە باغنىڭ ماڭا ئۆتكەنلىكىنى كۆرسەت». مەن بۇنداق توختامنى پۈتۈشكە ئۇنىمىدىم. شۇنىڭ بىلەن بەش يىلدىن بېرى مۇشۇ زىنداندا تۇرۇۋاتىمەن.

يەنە بىرەيلەن ئېغىز ئاچتى: مەن تۇججار (سودىگەر)، قىلىدىغان ئىشىم جاھان كېزىپ سودا قىلىش. مېنىڭغۇ ئانچىلا كۆپ مال ـ دۇنيارىم يوق. بىرەر يۇرتتا ئاز ـ تولا مال ئېلىپ ئۇنى يەنە بىر يۇرتقا ئاپىرىپ سېتىپ ئۆزىگە تۇشلۇق نەپ ئېلىپ يۈرگەنىدىم. بىر قېتىم تاسادىپىي بىر تىزىق مەرۋايىت قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. مەن مۇشۇ شەھەرگە كەلگەندە بۇ مەرۋايىتلارنى سېتىۋەتمەكچى بولدۇم. پادىشاھنىڭ ۋەزىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىرىدىن مىنى چاقىرتىپتۇ. ئۇ ئەسلىدە مەرۋايىتنى سېتىۋالماقچى ئىكەن. بارسام بىر يارماقمۇ تۆلىمەي مەرۋايىتنى ئېلىۋالدى. ئۇدا بىر نەچچە كۈن ئىزدەپ بارساممۇ يا پۇل بەرمىدى يا مەرۋايىتنى قايتۇرۇپ بەرمىدى. بۇنداق ساقلاۋەرسەم ئۆزۈمگە زىيان بولىدىغان بولغاچقا، بىر كۈنى ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ: «مەرۋايىتنى ياقتۇرۇپ قالغان بولسىلا ئىمز پۇلىنى بەرسىلە، كۆڭۈللىرىگە ياقمىغان بولسا ماڭا قايتۇرۇپ بەرسىلە» دېدىم. ئەمما ئۇ ھېچ نەرسە دېگىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلاجسىز چېدىرىمغا قايتىپ كەلدىم. قارىسام بىر كەمدە تۆت نۆكەرنى باشلاپ بىر بەگ كىرىپ كەلدى ۋە بىز بىلەن ماڭ، ۋەزىر

جانابلىرى سەن بىلەن كۆرۈشمەكچى، دېدى. مەن خۇشاللىقتىن ۋەزىر مارجاننىڭ پۇلىنى بېرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ شۇلار بىلەن ماڭدىم. ئۇلار مېنى زىندانغا ئاپىرىپ گۇندىپايغا تاپشۇردى ۋە پۇتۇمنى كىشەنلەپ قاماپ قويۇشقا بۇيرۇدى. مانا شۇ تەرىقىدە قاماقتا ياتقىنىمغا بىر يېرىم يىل بولدى.

يەنە بىرى سۆز ئالدى: مەن ئەسلىدە مەلۇم بىر قەلئەنىڭ بېگى بولىمەن. ئۆيۈم ھەرقاچان مېھمانلارغا، يېتىم - يېسىرلارغا، ئىلىم ئۆگەنگۈچى مۇخلىسلارغا داغدام ئوچۇق ئىدى. كىشىلەرگە ھەر قاچان خەير - ئېھسان قىلىپ تۇراتتىم، بۇ ماڭا ئاتا - بوۋامدىن قالغان ئۇدۇم ئىدى. شۇڭا مىراس قالغان پۈتۈن بايلىقىم بىلەن ۋە قورۇ - جايلىرىمنىڭ كىرىمىنى يېتىم - يېسىر، غېرىب - غۇرۋالارغا سەدىقە قىلاتتىم. مېھمان بولۇپ كەلگەن ئاق كۆڭۈل بۇرادەرلىرىمگە خەجلەيتتىم. پادىشاھنىڭ ۋەزىرى مېنى بايلىقىنى كۆز - كۆز قىلدى، دېگەن باھانە بىلەن تۇتۇپ كېلىپ زىندانغا تاشلىدى. پۇتلىرىمغا كىشەن سالدى. ئاخىرى ئىلاجسىزلىقتىن پۈتكۈل بايلىقىم ۋە ئېكىنزارلىقىمنى يېرىم باراۋەر ئەرزىنىغا ۋەزىرگە ساتتىم. شۇنداق قىلىپ قاماقتا ياتقىنىمغا ۋە قۇللۇققا ئۇچراۋاتقىنىمغا تۆت يىل بولدى. يېنىمدا ھازىر سۇنۇق يارماقمۇ يوق.

يەنە بىرى سۆزلىدى: مەن ئەسلىدە بىر ئاقساقالنىڭ پەرزەنتى ئىدىم. پادىشاھنىڭ ۋەزىرى، ئاتامنىڭ بايلىقىنى ئالداپ ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى كىشەن سۆرەپ يۈرۈپ جان تەسلىم قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. مەن زىندانغا تاشلانغان يەتتە يىلدىن بويان پىت - بۈرگىلەرگە يەم بولۇپ يۈرمەكتىمەن.

يەنە بىرى سۆز باشلىدى: مەن بىر لەشكەر. مەن شاھ

ئـالـيـلـرـنـىڭ ئاتـىـسـغا ئەگـىشـىـپ كـۆپ جايلارغـا بارغـان ۋە سـوقۇش قىلغـانـدىم. شـاھ ئـالـيـلـرـنـىڭ خـىـزمـىتـىدـىمۇ كـۆپ يىـلـلار بولغـانـدىم. ماڭـا ئوردىدـىـن ئازغـىـنـا مائـاش بېرىلـەتتى. ئۆتكەن يىلى ئوردىدىـن بىـر دەرھـەممۇ بـەرمـىدى. بۇ يـىل ۋەزىرگـە ھـال ئېيـتـىـپ: «مـەن بـالا ـ چاقىلىق ئـادەم، بۇلـتۇر ئوردىدـىـن مائاش ئالالـمىدىم. بۇ يىللىق مائاش تـەمـىناتـىمىزنى بېرىۋەتكـەن بولسـىلا، بـىـر قىـسـىم قـەرزلـىرىمنى قـايتۇرۇپ، قـالغىنى بىلـەن تىرىكچىلىك قىلسام» دېدىم. ئۇ كـىشى: «پادىشاھنىڭ قوشۇنىنى بېقىش ئۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئەمدىلىكتە پادىشاھقا قىلىدىغان ئۇرۇش يوق. ئـەمدى سـىلـەرنىڭ لەشكـەر بولـۇش ـ بولماسلىقىڭلار ئانچـە مۇھـىم ئـەمـەس. نان لازىم بولسا ئەمگەك قىلغىن» دېدى. مـەن ئۇنىڭغا: «ئوردىغا قىلغان خىزمىتىم بەدىلىگە مۇشۇ تـەمىناتقا ئېرىشـىش سالاھىيتىگە ئىگىمەن. سوقۇش باشلانغاندا پادىشاھ ئۈچۈن جان تەسـەددۇق قىلىشـقىمۇ تـەييار ئىدىم. شۇنداقتىمۇ پادىشاھنىڭ پـەرمانىنى بـىر ياققا قـايرىپ قويالمايتتىم. سىلى بولسـىلا مائاش بېرىدىغان ۋاقىتتا مېنىڭكـىنى قىسـۋالدىلا ۋە پادىشاھنىڭ پـەرمانىنى ئىجرا قىلمىدىلا. پادىشاھ ئۈچۈن ھـەر ئىككىمىز ئوخشاشلا خىزمەتكار. ئەجەبا مۇشۇنىمۇ بىلمـەمدىلا؟ ئەمما بۇنىڭ پەرقى شۇكى، مەن پادىشاھنىڭ پەرمانىغا بەجانىدىل ئىتائەت قىلدىم. سىلى بولسىلا ئۇنداق قىلمىدىلا. ناۋادا پادىشاھ ماڭا ئوخشاش كىشىلەرگە موھتاج بولسىدى، سىلىگە ئوخشاش كىشىلەرنى كېرەك قىلمايتتى. پادىشاھنىڭ مېنىڭ ئىسمىمنى رويخېتىدىـن ئـۆچۈرۈۋېتىش ھـەققىدىكى پـەرمانى بولسـا ماڭـا كۆرسەتسـىلە. ئۇنـداق بولمىسـا پادىشـاھ بەلگىلىگـەن مائاشـنى بەرسىلە» دېدىم. ئۇ ماڭا: «يوقال كـۆزۈمدىن، ساڭا ۋە پادىشاھقا

ئاتىدارچىلىق قىلغۇچى مانا مەن. مەن بولمىغان بولسام سېنىڭ بۇ قاپاق كاللاڭنى سار چوقۇلاپ يەۋەتكەن بولاتتى» دېدى. ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ مېنى زىندانغا تاشلىدى. مانا ھازىر زىنداندا يېتىۋاتقىنىمغا تۆت ئاي بولدى.

قاماقتىكىلەر 700دىن ئارتۇق بولۇپ 20 گە يەتمىگەن ئادەملا ئۆزلىرىنىڭ قاتىللىق، ئوغرىلىق جىنايىتىنى بوينىغا ئالدى. قالغانلار بىردەك ۋەزىرنىڭ ئاچ كۆزلۈكى ۋە ۋەھشىيلىكى سەۋەبىدىن قاماققا ئېلىنغانلار ئىدى. قەلئەدىكى ۋە يېقىن مەھەللىلەردىكىلەر پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئاڭلاپ ئەتىسى سانسىزلىغان كىشىلەر ئۇۋالچىلىقى ئۈستىدىن داد ئېيتىپ ئوردىغا كەلدى. ئادەملەر شۇنچىلىك كۆپىيىپ كەتتىكى. ئوردىدا پۇت قويغىدەك يەرمۇ قالمىدى.

بەھرام گور بىگۇناھ تۇرۇپ ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئەرز ـ دادىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دېدى: «بۇ كىشىنىڭ ئىپلاس ئىشلىرىنى يېزىشقا قومۇش قەلەممۇ ئاجىزلىق قىلغۇدەك. ئۇ يامان كۆزدە قارىدى. ماڭا چىشىنى بىلىدى. ئۇنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىپتۇكى، بۇنى ئويلاشقا كىشىنىڭ ئەقلى ئاجىزلىق قىلىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئېنىقلاش كېرەك».

ئۇ روست رەۋىشىنىڭ تۇرالغۇسىغا ئادەم ئەۋەتىپ تېپىلغانلىكى ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەرنى ئەپكىلىشكە بۇيرۇدى ۋە بارلىق ئىشىكلەرنى پېچەتلەتكۈزدى. ئۇلار بىرىپ شاھنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلدى ۋە ھۆججەتلەرنى يىغىشتۇرۇپ كەلدى. ھۆججەتلەر ئارىسىدىن ئۇلار يەنە بىر پادىشاھلىقنىڭ روست رەۋىشىگە يوللىغان مەكتۇبىنى تېپىۋالدى. بۇ پادىشاھ ئىلگىرى

مالىمانچىلىق پەيدا قىلىپ، بەھرام گورنىڭ مەملىكىتىنى يۈتۈۋېلىشنى قەستلىگەنىدى. ئۇلار يەنە روست رەۋشىنىنىڭ قولىيازمىلىرى ئارىسىدىن ئۇنىڭ ئاشۇ پادىشاھقا ئۆز قولى بىلەن يازغان جاۋاب مەكتۇپىنى تېپىۋالدى. ئۇنىڭدا مۇنداق مەزمۇنلار بار ئىدى: «نېمىشقا بۇنچە كېچىكىسىز؟ دانىشمەنلەر بىغەملىك ئەلنىڭ ئوغرىسى، دېگەن. پۈتۈن كۈچۈم بىلەن سىزنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىڭىزنى ۋۇجۇدقا چىقىسىكەن دەيمەن. ھازىر ماڭا مايىل بىر قانچە سەردار سىزگە ھەمدەمدە بولۇشقا تەييارلاندى. ھازىر كۆپ قىسىم لەشكەرلەر تەمىناتتىن ئۈزۈلدى. يەنە بىر بۆلۈك قوشۇن پۈستانى يەردە پوكۇنى ئىشقا تەييارلانماقتا؛ پۇقرالارنى ئاچ ـ زېرىن، يالاڭتۆش، ماكانسىز ھالغا چۈشۈرەلىدىم. مۇشۇ مەزگىلدە پۈتۈن زېھنىمنى سەرپ قىلىپ ئۆزلىرىگە بىر دۆلەت خەزىنىسى تەييارلىدىم. بۇنداق خەزىنە تېخى ھېچبىر پادىشاھلىقتا بولغان ئەمەس. پېقىر يەنە شاھلىق تاجى ۋە كەمەر، ئالتۇندىن ياسىلىپ زۇنناردىن كۆزلەر قويۇلغان زىياپەت پەتنۇسلىرىنى تەييارلىدىم. بۇ ھەشەمەتلەرنى تېخى ھېچبىر ئىنسان كۆرگەن ئەمەس. ئەپسۇسكى، ھاياتىم قىل ئۇستىدە تۇرماقتا، يەرلەر قاغجىرىماقتا. ھېلىقى ئەشەددىي رەقىبىم تېخى غەپلەتتە، ئۇ غەپلەتتىن ئويغىنىشتىن ئاۋۋال قول سالسىڭىز دېمەكچىمەن».

بەھرام گور بۇ ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ: «دۇرۇس، دۈشمەننى قۇتراتقان، دۈشمەننى ئالدىغان كىشى دەل مۇشۇ. ئۇ قۇتراتقان دۈشمەن شۇ تاپتا بىزگە قاراپ كەلمەكتە. ئەمدى بۇ شۇمبۇينىڭ ئاسىي ـ پاسىقلىقىغا ھېچ شەك قالمىدى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ روست رەۋشىنىنىڭ بايلىقىنى تولۇقى بىلەن دۆلەت خەزىنىسىگە ئۆتكۈزۈپ مۇسادىرە قىلىش، پارا ۋە زورلۇق ـ

مۇتتەھەملىك بىلەن بۇلاپ كېلىنگەن قۇل ۋە چارۋىلارنى ئەسلىي ئىگىلىرىگە قايتۇرۇش، ئۇنىڭ ئېكىنزارلىقلىرى ۋە يەرلىرىنى سېتىش ياكى دەۋاگەرلەرگە قايتۇرۇش، تۇرالغۇ جايلىرىنى تۈزلىۋېتىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. ئاندىن بەھرام گور ئۇزۇن قوۋۇقى ئالدىغا بىر دار ياساتقۇزدى. بۇ دار قالغان 30 دارنىڭ ئالدىدا ئىدى. بىرىنچى بولۇپ روست رەۋشەن ھېلىقى پادىچىنىڭ خائىن ئىتىدەك دارغا ئېسىلدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ شېرىكلىرى ۋە ھەقەمسايىلىرى دارغا ئېسىلدى. پادىشاھ يەتتە كۈنگىچە مۇنۇ مەزمۇندىكى يارلىقنى جاكارلاپ تۇردى: «تەڭرىگە ئاشكارا ئاسىيلىق قىلغان، پادىشاھقا قەست قىلغان، پادىشاھنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن دوست تارتىشقان، ۋاپاغا جاپا قىلغان، پۇقرالارنى بوزەك قىلغان كىشىنىڭ جازاسى مۇشۇ.»

شۇ قېتىمقى جازانىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، يامانغا يانتاياق بولغۇچىلار بەھرام گوردىن چۆچۈدى. ئۇ روست رەۋشەننىڭ ئىشقا قويغان ئادەملىرىنى تامام مەنگۈلۈككە بوشاتتى. نەسەب ـ مەرتىۋىلەرنى روست رەۋشەن ئەمەلدىن قالدۇرغان كىشىلەرگە قايتۇردى ۋە پۈتكۈل ئەمەلدار، پۇتۇكچىلەرنى پۈتۈنلەي ئالماشتۇردى. بۇ خەۋەر بەھرام گورنىڭ پادىشاھلىقىغا يۈرۈش قىلىۋاتقان ھېلىقى پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە ئۇ دەرھال قوشۇننى ئارقىغا قايتۇردى ۋە ئۆزىنىڭ قىلمىشىدىن خىجىللىق ھېس قىلدى. ئۇ لېگەن ـ لېگەنلەردە ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە ئېسىل سوۋغاتلارنى ئولپان ھېسابىدا بەھرام گورغا ئەۋەتىپ ئەپۇ سورىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «پېقىر ھېچقاچان جانابلىرىنى ئاغدۇرۇش خىيالىدا بولغان ئەمەس. ئەپسۇسكى، ئالىيلىرىنىڭ شۇم ۋەزىرى ماڭا ئارقا ـ ئارقىدىن مەكتۇپ ۋە سۆز

يولـلاپ پـېقىرنى ئىسـيانغا دەۋەت قىلـدى. پـېقىر قۇللـىرنىڭ شۇبھىسى ھەرقاچان دەلىلـلىنىپ كەلدى. ئۇ ھەقىقەتـەنمۇ پاناھ جاي ئىزدەۋاتقان پاسىق مەلئۇن». پادىشاھ بەھرام گور ئۇنى ئەپۇ قىلىپ، ساداقەتمەن، پەزىلەتلىك بىر تەقۋادار كىشىنى ۋەزىرلىككە قويدى. پۈتۈن مەملىكەتتە ئىشلار جايىغا چۈشۈپ، خىزمەتلەر راۋانلاشتى. مەملىكەت پاراغەتكە يۈز تۇتۇپ ئاۋام زورلۇقتىن خالاس بولدى.

ئەلقىسسە، ئىتنى دارغا ئاسقان ھېلىقى پادىچى بىر كۈنى ماڭغاي دەپ تۇرغاندا بەھرام گور ئۇ كىشىنىڭ پۈتى ئالدىدىكى يەرگە ساداقىتىن ئوق ئاتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا: «مەن سېنىڭ تۇزۇڭنى ۋە نېنىڭنى يېگەنمەن، سېنىڭ دىشۋارچىلىقىڭنى ۋە تارتقان زىيىنىڭنى چۈشەنگەنمەن. شۇڭا مەن ساڭا كۆڭۈل جەھەتتىن قەرزدار. بىلگىنكى مەن پادىشاھ بەھرام گورنىڭ غوجىدارى. ئۇنىڭ ئوردىسىدىكى بارلىق بەگ ـ تۆرىلەر مېنىڭ يارەنلىرىم بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى ياخشى بىلىدۇ. سەن بۇ ئوقنى ئېلىپ پادىشاھ بەھرام گورنىڭ ئوردىسىغا بارغىن. ھەرقانداق ئادەم بۇ ئوقنى كۆرسە سېنى مېنىڭ يېنىمغا باشلاپ كېلىشىدۇ، شۇ چاغدا مەن سېنىڭ زىيىنىڭنى تۆلەپ بېرەي. شۇندىلا مەن ساڭا كۆڭۈل قەرزىمنى ئادا قىلالايمەن» دېدى. ئاندىن بەھرام گور ئۆز يولىغا راۋان بولدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ھېلىقى پادىچىنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا: «ئوقنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ باقمامسىز؟ قارىغاندا ھېلىقى ئاتلىق كىشى ئېسىلزادىلەردىن بولسا كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ توققۇز كالىسىنىڭ بىرەر مويىچىلىك ئىنئام بەرسىمۇ بىزگە يېتىپ ئاشىدۇ. بىكار يۈرمەيلى، بۇنداق كىشىلەرنىڭ گەپلىرى يالغاندىن يىراق

بولىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پادىچى شەھەرگە بېرىپ بىر كېچە تۈنىگەندىن كېيىن ئەتىسى بەھرام گورنىڭ ئوردىسىغا باردى. بەھرام گور بولسا ئالىلىقاچان ۋەزىر - ۋۇزرالىرىغا: «مېنىڭ ئوقۇمنى كۆتۈرگەن بىرى كەلسە يېنىمغا ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ يارلىق قىلىپ قويغانىدى. ياساۋۇللار ئوق كۆتۈرگەن ھېلىقى كىشىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا سالام قىلدى: «ئەي مۆھتەرەم زات! نەگە ماڭدىڭ؟ سېنى كۈتۈۋاتقىنىمىزغا ئۇزاق بولدى. سەل تەخىر قىلغىن، بىز سېنى ئوق ئىگىسىنىڭ يېنىغا باشلاپ بارىمىز.» بىر ئازدىن كېيىن بەھرام گور چىقىپ تەختكە ئولتۇردى ۋە قوبۇلغا تەييارلاندى. ياساۋۇللار ھېلىقى كىشىنى قولىدىن يېتىلەپ قوبۇلخانىغا باشلىدى. ئۇ كىشىنىڭ كۆز نۇرى بەھرام گۆرگە چۈشكەندە ئۇ پادىشاھنى تونۇۋالدى ۋە: «ئاھ خۇدا، مەن ئۆلەي! ئاتلىق كىشى پادىشاھكەن ئەمەسمۇ، ئۇنىڭغا تېگىشلىك ھۆرمەتتە بولالمايلا قالماستىن يەنە قوپال گەپ - سۆزلەرنى دەپ ساپتىمەن. ئۇ مەندىن سەسكەنمەي قالارمۇ» دېدى.

ياساۋۇللار ئۇنى تەخت ئالدىغا باشلاپ كەلگەندە پادىچى پادىشاھقا چوڭقۇر تەزىم قىلدى. بەھرام گۆر بەگ - تۆرىلەرگە بۇرۇلۇپ: «مانا مۇشۇ كىشى مېنىڭ ئەل ئىشىدىن ۋايىم يېيىشىمگە تۈرتكە بولغان» دېدى ۋە ئىتتىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپ: «مېنىڭچە ئۇ بىر بېشارەت» دېدى. ئاندىن پەرمان چۈشۈرۈپ ئۇنىڭغا تون ھەدىيە قىلدى ھەمدە 700 تۇياق قوي سوۋغا قىلدى. بۇ قويلارنىڭ كۆپىنچىسى قوچقار ۋە ساغلىقلار ئىدى. پادىشاھ يەنە پەرمان چۈشۈرۈپ (بەھرام گور) ھاياتلا بولسا بۇ پادىچىدىن ھېچقانداق سېلىق يىغماسلىقنى تاپشۇردى.

مەن بۇ چۆچەكنى ئېيتىپ بولۇپ قىزىمدىن ئەمدىلا سوئال

سوراشقا ئىغىزىمنى ئۆمەللىۋىدىم، ئۇنىڭ يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم ۋە ئۇنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئورنىغا ياتقۇزۇپ قويدۇم.

*　　　*

— تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلەپ بولدۇم، ھېكايىڭىزنى ئاڭلاشقا تەييارمەن، دادا، — قىزىمنىڭ چۈچۈك ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئوقۇۋاتقان گېزىتنى قويدۇم ۋە ئۇنىڭغا:

— تۇنۇگۇنكىدىن تېخى سوئال سورىمىغان تۇرسام، — دېدىم. قىزىم سۆزۈمنى ئاڭلاپ لېۋىنى چىشلەپ بىردەم تۇرۇپ قالدى ۋە شەيتانلىق بىلەن:

— قېنى سوراڭ، — دېدى.

— بۇ ھېكايىدىكى روست رەۋشەن بىلەن بەھرام گور قانداق ئادەملەرگە ئوخشايدۇ؟

— روست رەۋشەن ساداقەتسىز، مۇناپىق ئادەملەرگە، بەھرام گور بولسا دەسلەپتە ھاماقەتلىك قىلىپ ئەلنى بالاغا قويغان بولسىمۇ كېيىن ئەقلىنى تېپىپ ياخشى ئىش قىلغان ئەمەلدار ـ باشلىقلارغا ئوخشايدۇ.

— ھا، ھا، — قىزىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتىم، ئۇنىڭ بەھرام گورنى ئەمەلدارلارغا ئوخشىتىشى بەك مۇۋاپىق بولغان ئىدى، — باركاللا قىزىم، توغرا ئېيتتىڭىز، ئۇخلاپ قالغاندەك قىلغانىدىڭىز، بىلەلمىدىمىكىن دېسەم، توغرا جاۋاب بېرىۋەتتىڭىز. ئەمدى مەن سىزگە ئادىل پادىشاھ توغرىسىدىكى بىر ھېكايەتنى سۆزلەپ بېرەي.

سامانىيلار ئەۋلادىدىن ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھ شۇنچىلىك ئادىل ئىكەنكى،

ئۇنىڭ خىسلەت ۋە پەزىلەتتە تەڭدىشى يوق ئىكەن. ئۇ يەنە تەقۋادار مۆمىن بەندە بولۇپ، تەقۋادار، غېرىب ـ غۇرۋالارغا قولى ئوچۇق ئىكەن. ئوردىسى بۇخارادا بولۇپ، خۇراسان، ئىراق ۋە ماۋەرائۇننەھر ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ شۇلارغا قارام ئىكەن. دەل شۇ مەزگىللەردە بىر ئەمىر ئۇنىڭ پادىشاھلىقىغا رەھىمسىز قولىنى سوزدى ۋە ئەل ـ خەلقىنى بويسۇندۇرماقچى بولدى. ئەمما بۇ جەڭنىڭ غەلىبىسى دۇنيادا بىر مۆجىزەئى كارامەت بولدى. يەنى، ئەمىرنىڭ ھەممە ئەسكەرلىرى تارمار بولۇپ ئەمىر تىرىك ئەسىرگە چۈشتى. ئادىل پادىشاھ بۇ ئىشقا خۇشال بولۇپ مەمنۇنىيەت بىلەن رەببىگە تەسبىھ ئېيتتى.

شۇ كۈنى دىگەر مەزگىلىدە ئەسىرگە چۈشكەن ئەمىرنىڭ ئات باقارلىرىدىن بىرى قارارگاھ ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئەمىرنى كۆرۈپ قالدى ۋە ناھايىتى كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. ئەمىر ئۇنىڭغا «يېنىمدا بىردەم تۇرساڭچۇ، ھېچكىمنىڭ مەن بىلەن كارى بولمايۋاتىدۇ» دېدى. ئارقىدىنلا يەنە: «ئادەمدە جانلا بولىدىكەن ئوزۇققا موھتاج بولىدۇ. بېرىپ ئاز ـ تولا يېگۈدەك بىر نەرسە تېپىپ كەلگىن، ئاچلىقتىن ئۆلەيلا دېدىم» دېدى. ئات باقار بىر ئامال قىلىپ بىر ـ ئىككى سەر گۆش تېپىپ كېلىپ نۆكەرلەردىن بىر قازان سورىۋالدى. ئاندىن ئۇيان ـ بۇيان يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئاز ـ تولا قالايدىغان نەرسە تېپىپ گۆشنى پىشۇرماقچى بولدى. ئەمما گۆشنى قازانغا سېلىپ ئوتنى قالاپ قويۇپ تېز ئىزدەپ كېتىپ قالدى. شۇچاغدا يۈگۈرۈپ كەلگەن بىر ئىت قازاندىكى گۆشنى كۆرۈپ قېلىپ بويىنىنى سوزغىنىچە گۆشتىن بىر چىشلەم چىشلىۋىدى، قىزىق گۆش ئۇنىڭ ئاغزىنى كۆيدۈردى. ئىت ئالمان ـ تالمان بېشىنى تارتىشىغا قازاننىڭ

ئاسقۇ شەكلىدىكى قۇلىقى ئىتتىنىڭ بويىنىغا كىيىلىپ قالدى. قىزىق شورپىنىڭ بەدىنىگە تۆكۈلگىنىگە چىديالمىغان ئىت غىڭشىغىنىچە قازاننى ئۆرۈۋېتىپ قېچىپ كەتتى. مۇشۇلارغا قاراپ تۇرغان ئەمىر نۆكەر ۋە ياساۋۇللارغا بۇرۇلۇپ: «ئىبرەت ئېلىڭلار، خالايىق، ئەتىگەندىلا تېخى 400 تۆگىگە يۈك بولغىدەك ئاشخانىسى بار ئەمىر ئىدىم، كەچ بولغاندا بىر ئىت چېغىدا تامىقىمنى ئېلىپ قاچتى» دېدى، يەنە ئارقىدىنلا «سەھەردە ئەمىر ئىدىم، كەچقۇرۇن ئەسىر بولدۇم» دېدى. ئادىل پادىشاھقا قارشى تىغ كۆتۈرگەن ئەمىرنىڭ ھالى ئەنە شۇ. ئەمىر ئاخىرىدا ئەسىرلىكتىن قۇتۇلماق بولۇپ، ئادىل پادىشاھنىڭ نۆكىرىگە: «پادىشاھقا دېگىن، مېنى ئەسىرلىككە مۇپتىلا قىلغىنى ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تەقۋادارلىقى، ئىمانى، غەيرىتى ۋە رەببىمىزنىڭ ماڭا قىلغان غەزىپى. مېنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىمنىڭ كۆپلىگەن ئالتۇن - كۈمۈشلىرى ۋە خەزىنىلىرى بار ئىدى. ھازىر شۇ بايلىقنىڭ تىزىملىكى مەندە، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پادىشاھقا ھەدىيە قىلاي، شۇندىلا ئۇ باي بولۇپ كېتىدۇ، كۈچ - قۇۋۋەتكە تولىدۇ. » ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ تونىنىڭ قېتىدىن خەزىنىلەرنىڭ تىزىملىكىنى چىقىرىپ ھېلىقى كىشىگە بەردى. ئۇ كىشى تىزىملىكنى پادىشاھنىڭ قولىغا يەتكۈزدى. ئادىل پادىشاھ بۇ ھالدىن تەئەججۇپلىنىپ بەگ - تۆرىلەرگە يۈزلىنىپ مۇنداق دېدى: «بۇ ئەمىر تولىمۇ تادان نېمىكەن. ئۇ ئۆزىچە بىزدىن قېچىپ كېتەلەيمەن دەپ ئويلىسا كېرەك. ئۇنىڭ بىزنى كۈھقاپ كەبى ئازگالغا باشلىماقچى بولغىنىنى كۆردۈڭلارمۇ؟» ئۇ ھېلىقى تىزىملىكنى يەرگە تاشلاپ، «بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئاپىرىپ بەرگىن ۋە مۇنداق دېگىن: تادانلىق

قىلىپ قېچىپ كېتەلەيمەن دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ ساڭا ئاسماندىن چۈشكەن خەزىنە قەيەردە ئىدى؟ سېنىڭ مىسكەر ئاتاڭ ساڭا سودىگەرلىكنى ئۆگىتىپ قويغانمىدى؟ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن تەلۋىلەرچە دەۋران سۈردۈڭ. بۇ دىنار ۋە دەرھەملەرنى سەن تامام مۆمىنلەردىن شۇلۇۋالغانسەن. زەردارلارنىڭ ئاياللىرى يىپ سېتىپ تاپقان پۇللاردىن قايرىۋالغان. سەيياھلارنىڭ بەلۋېغىدىن شىلىۋالغانسەن. ئاجىز ۋە غېرىبلارنىڭ نېسىۋىسىدىن تارتىۋالغان. تەڭرىنىڭ جازاسىنىڭ تەمىنى تېتىغايسەن. سەن ھازىر بۇ ئىپلاس گۇناھلىرىڭنى ماڭا ئىتتىرىشكە ئالدىرىمىساڭمۇ بولىدۇ. بولمىسا مەھشەر كۈنى قەرز ئىگىلىرىنىڭ تۆمۈر تىرنىقى بويىنۇڭدىن ئالغاندا بۇلارنى مەن تامام ئادىل پادىشاھقا بېرىۋەتكەن، سىلەر پادىشاھتىن ئېلىڭلار دېمەكچىمۇ سەن؟ سەن بۇ بايلىقنى ماڭا بېرىۋەتسەڭ، مەن ئۇ ۋاقىتتا ئاشۇ كىشىلەرگە نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ تەڭرىنىڭ جازاسىغا قانداقمۇ چىدايمەن» دېدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئەمىرنىڭ ئۆتۈنگەن تىزىملىكىنى قوبۇل قىلىشنى راۋا كۆرمىدى ۋە ئۇنى ئەمىرگە قايتۇرۇۋەتتى. مال - دۇنيانىڭ چاڭگىلى ئۇنىڭ كىرپىكىگە قونۇشقا ئىلاج تاپالمىدى.

يەنە ئادىل پادىشاھنىڭ ئادىتى شۇنداق ئىدى: قەھرىتان سوغۇقتا، شىۋىرغانلىق بوراندا ئېتىغا مىنىپ بۇخارادىكى مەيدانغا بېرىپ پېشىنگە ئەزان چىققۇچە كۈتەتتى. ئۇ ھەمىشە مۇنداق دەيتتى: «ئۇۋۇالچىلىقتا ئۇچرىغان بىرەرى ئوردىغا ئەرزگە كېلىپ قالار، ئېھتىمال ئۇنىڭ يانچۇقىدا سۇنۇق يارماقمۇ يوقتۇر، ئېھتىمال ئوردىغا كىرەلمەي سىرتتا تۇرىدىغاندۇ؟ ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىنى ۋە قارنىڭ قېلىنلىقىنى سەۋەب قىلىپ ئوردىدىن

چىقمىسام بۇ كىشىلەر مەن بىلەن دىدارلىشالماي كۆتۈشكە سەۋر قىلالماسلىقى مۇمكىن. مېنىڭ مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىمنى بىلسە، ئۇلار مۇشۇ يەرگە كېلىشىپ ئۇۋالچىلىقىدىن داد ئېيتىدۇ ۋە رازىمەنلىك بىلەن قايتىشىدۇ...»

— قانداق، قىزىم، ھېكايە تۈگىدى. بۇ پادىشاھ ھەقىقەتەن ئادىل پادىشاھمىكەن؟ — دېدىم ئالدىنقى جاۋابىغا مەسلىكىم كېلىپ.

— بەك ئادىل پادىشاھ ئىكەن، دادا.

— باغرىم قىزىم، ھازىرمۇ ئالىيجاناب كىشىلەر، ئاشۇ پادىشاھقا ئوخشاش ئىشنى ئادىل بېجىرىدىغان سوتچىلار بار. . .

جاۋابىمنىڭ ئاخىرى تېخى تۈگىمەيلا قىزىمنىڭ يەنە يېنىك پۇشۇلدىشى باشلاندى.

بۈگۈن سىزگە نۇشىرۋان ئادىل ھەققىدىكى ھېكايىنى ئېيتىپ بېرەي. ئېيتىشلارغا قارىغاندا نۇشىرۋاننىڭ دادىسى كەي قۇباد ساسانىيلار شاھى بولۇپ، 488 — 531 - يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەنىكەن. قازا قىلغاندا ئوغلى نۇشىرۋان تەختكە ۋارىسلىق قىلغانىكەن. شۇچاغدا ئۇ ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭدىكى پادىشاھلىق سۈلتى يېتىپ ئاشاتتى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئادالەت ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇسىدا چوڭ بولۇپ، ياخشى - يامانني، ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان خىسلەتكە ئىگە بولدى. ئۇ ھەمىشە: «ئاتام دىلى يۇمشاق، ئاق كۆڭۈل ۋە ساددا كىشى بولۇپ، ئاسانلا كىشىلەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالاتتى. ئۇ مەملىكەتنى ئوردا خادىملىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇراتتى. ئۇلار بولسا ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلاتتى. شۇڭا ئەل خارابلىشىپ خەزىنە قۇرۇقدىلىپ قالغانىدى. ئۇلار مەملىكەتنىڭ كىرىمىگە

خىيانەت قىلىپ نومۇسسىز ۋە ئۆكۈنۈش زەنجىرلىرىگە مەھكەم باغلاندى» دەيتتى.

ئۇنىڭ سەلتەنىتى ئۈچ - تۆت يىلچە داۋام قىلغاندىن كېيىن مەنسەپدارلار ۋە مەمۇرىيەت خادىملىرى بۇرۇنقىدەكلا ئەل - يۇرتنى شىلىشقا باشلىدى. نارازى بولغانلارنى پادىشاھ ئوردىسىنىڭ قوۋۇقى ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشمىدى. ھەتتا ئۇلار: نۇشىرۋاننى تەختكە بىز چىقارغان، ئۇنى پادىشاھ دېسەكمۇ بولىدۇ، دېمىسەكمۇ بولىدۇ، دەپ ئويلاشتى. نۇشىرۋان ھېچ نەرسىدىن بىخەۋەردەك ئۇلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە سۈكۈت قىلدى. شۇ تەرىقىدە بەش يىل ئۆتتى.

سۇباشىلىرىدىن بىرەيلەن نۇشىرۋان ئادىل تەرىپىدىن ئەزەربەيجان ۋىلايىتىگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلەندى. بۇ كىشى تولىمۇ دۆلەتمەن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتە ئۇنىڭدىنمۇ كاتتىراق سۇباشى يوق ئىدى. چەۋەندازلىق، قورال - ياراغ ۋە باشقا جەھەتلەردە ھېچبىر بەگ - تۆرە ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايتتى. بۇ كىشى ئۆزى ھۆكۈمدارلىق قىلغان شەھەردە بىر قەسىر ۋە بىر چاھار باغ بىنا قىلىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. شەھەر سىرتىدا بىر ئاغىچىغا تەۋە بىر پارچە زېمىن بار ئىدى. بۇ زېمىن شۇنچىلىك چوڭ ۋە مەنپەئەتلىك ئىدىكى، بۇ زېمىننىڭ ھوسۇلى بۇ ئاغىچا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ پادىشاھ بەلگىلەپ بەرگەن ئومۇمىي سېلىق مىقدارىنى تۆلەپ دېھقانلارغا ئىش ھەققى بېرىشكە يېتىپ ئاشاتتى. ئاشقان قىسمىنى خەجلىسە بىر كۈنگە تۆت نان توغرا كېلەتتى. ئۇ ئاغىچا بۇ ناننىڭ بىرىنى باشقا يېمەكلىككە تېگىشەتتى، بىرىنى چىراغ مېيىغا تېگىشەتتى، قالغان ئىككىسىنى ناشتىلىق ۋە كەچلىك قىلاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭغا

ئىچ ئاغرىتىپ ئاز ـ تولا كىيىم ـ كېچەك ئەكېلىپ بېرىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ ئاغىچا ئۆز كۆلبىسىدىن چىقماي زاھىتلارچە غورىگىل ياشايتتى. كۇنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئەمەلدارنىڭ كۆزى مۇشۇ يەرگە چۈشتى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى بولدى. ئۇ مومايغا كىشى ئەۋەتىپ: «بۇ يەرنى سېتىپ بېرىڭ، ئۇ يەر ماڭا لازىم بولۇپ قالدى» دېدى. بىچارە ئاغىچا جاۋابەن: «بۇ يەرنى ساتالمايمەن، ماڭا بۇ يەر تېخىمۇ لازىم، دۇنيادا مۇشۇ يەر مېنىڭ يېگانە بايلىقىم، هاياتلىقىمنىڭ مەنبەسى ۋە يىلتىزى، هېچكىممۇ ئۆزىنىڭ يىلتىزىنى ساتمايدۇ» دېدى. هېلىقى سۇباشى موماينىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي ئۇنىڭ زېمىنىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالدى ۋە چۆرىدەپ تام سوقتى. هېلىقى موماي پاناهسىز قېلىپ مۇشكۇلاتتا قالدى ۋە هېلىقى ئەمەلدارنىڭ يېنىغا بېرىپ: «پۇل بەرگىن ياكى باراۋەر مۈلۈك بەرگىن» دېدى. ئۇ كىشى مومايغا نەزەر كۆزىنىمۇ سېلىپ قويماي موماينى قوغلاپ چىقاردى ۋە شۇندىن كېيىن موماينى قورۇسىغىمۇ يېقىن يولاتمىدى. ئەمما ئەمەلدار هەر نۆۋەت ئوۋغا چىققاندا ياكى بەزمىگە ماڭغاندا هېلىقى موماي ئۇنىڭ ئۆتەر يولىدا تۇرۇۋېلىپ: «پۇلۇمنى بەرسەڭ بولمامدۇ» دەپ توۋلايتتى. ئۇ پىسەنتمۇ قىلماي نېرىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى. موماي ئۇنىڭ ياساۋۇللىرىغا ياكى خوجىدار ـ هەقەمسايىلىرىغا بۇ گەپنى دېسە ئۇلار هەممىشە: «خاتىرجەم بول، ئانا، بىز بۇنى ئۇنىڭ سەمىگە سېلىپ قويايلى» دەيتتى. مۇشۇ تەرىقىدە ئىككى يىل ئۆتتى.

هېلىقى بىچارە موماي تولىمۇ مۇشكۇلاتتا قالدى. ئادالەتنى ئىستىگەندى، ئۇنىڭغا يېقىن كەلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەمەلدارنىڭ ئىنساپقا كىلىپ قېلىشىدىن ئۈمىد ئۈزمىدى. ئۇ ئۆز ـ

ئۆزىگە: «قىزارتىلمىغان تۆمۈرنى قانداقمۇ سوقۇقىلى بولسۇن؟ ئاللاتائالا غوجامنىڭ غوجىسىنى يارىتىشتىن ئاجىز ئەمەس. بۇ مەلئۇن نۇشىرۋان ئادىلىنىڭ قولىدىكى ئاددىي خىزمەتچىدۇر ھەقىچان. ئەڭ ياخشىسى مادائىنگە بېرىپ نۇشىرۋانغا ئۆزۈمنىڭ ئۇۋالچىلىقىدىن دەرد ئېيتىپ باقاي، ئادالەتنىڭ نۇرى شۇ يەردىن كۆتۈرۈلۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس»دەپ كۆڭلىدىكىنى ئىنس - جىنغا تىنماي مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەتتە ئازەربەيجاندىن مادائىنگە كەلدى. سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ نۇشىرۋاننىڭ ئوردىسىنى تاپتى ۋە ئوردىنىڭ سۈرلۈكلۈكىگە قارىغىنىچە، ئەزەربەيجاندا مېنى ۋالىينىڭ قوروسىغىمۇ كىرگۈزۈشمىدى. بۇ ۋالىيغۇ نۇشىرۋاننىڭ ئالدىدا ئاددىيغىنا بىر خىزمەتچى. قانداق قىلسام بۇ دۇنيادا ھۆكۈمراننىڭ ھوزۇرىغا كىرگىلى بولار؟ ئەڭ ياخشىسى يېقىن ئەتراپتىكى بىر جايغا چۈشۈپ پايلاپ تۇراي. ئېھتىمال پادىشاھ سىرتلارغا چىقار. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تۇيىقى ئاستىدا يۈكۈنۈپ تۇرۇپ ئەرز - دادىمنى بايان قىلاي»دېدى.

ئويلىمىغاندا موماينىڭ يېرىنى تارتىۋالغان ئەمەلدار ئوردىغا كېلىپ قالدى. شۇ كۈنلەردە نۇشىرۋان شىكارغا جابدۇندى. موماي نۇشىرۋاننىڭ ئوۋغا چىققان كۈنىدە سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ شىكار بولۇۋاتقان جايغا يېقىن باردى ۋە مەڭگەنلىك كەينىدە بىر كېچە تۈنەپ چىقتى. ئەتىسى نۇشىرۋان ياساۋۇل ھەم مەھرەملەرنىڭ ھەمراھلىقىدا كەڭ دالىغا يېيىلىپ ئوۋغا كىرىپ كەتتى. بىر كەمدە نۇشىرۋان بىر قوراللىق نۆكەرنىڭ ئارقىسىدىن ئات چاپتۇرۇپ ئولجىنى قوغلاپ كېلىۋاتقاندا موماي پادىشاھنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ مەڭگەنلىكتىن شاھ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ شىكايەتنامىنى كۆتۈرگىنىچە «داد پادىشاھىئالەم، كەمىنە

بىچارىگە ئاتىدارچىلىق قىلغىن،ئەرزىمنى كۆرۈپ چىقىپ ھالىمغا يەتكىن» دېدى. نۇشىرۋان مومايغا ۋە ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە قاراپ ئىشنىڭ ئېغىرلىقىنى پەملىدى. ئۇ ئېتىمنى دېۋىتىپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى ۋە شىكايەتنى ئېلىپ كۆرۈپ چىقتى. مومايىنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق ئاڭلىدى. ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ: «ئەي ئانا، ئەمدى قورقما، بۇنىڭدىن مۇقەددەم بۇ سىنىڭ ئىشىڭ بولغان بولسا، ئەمدى بۇ بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئايلاندى. بۇنى بىر ياقلىق قىلىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز. بىز سىنى رازى قىلىمىز ۋە ماكانىڭغا قايتۇرىمىز. بۇ يەردە ئارام ئالغاچ ھاردۇقۇڭنى ئېلىۋال» دېدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ مەپىكەشىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنى چاقىرىپ: «چۇشكىن، ماۋۇ مومايىنى قېچىرىڭغا مىندۈرۈپ ئاۋۇ مەھەللىگە ئاپار ۋە دورغىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ قايتىپ كەل. شىكاردىن قايتقىنىمىزدا ئۇنى مەھەللىدىن ئېلىپ شەھەرگە ئاپار ۋە بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرغىن. مەن ئۇنى چاقىرتقۇچە ئۇنىڭغا ھەركۈنى ئىككى مائۇند نان، بىر مائۇند گۆش بېرىڭلار. يەنە ھەر ئايدا خىراجەتكە خەزىنىدىن بەش دانە ئالتۇن دىنار بېرىڭلار» دېدى. مەپىكەش ئىشلارنى شاھنىڭ دېگىنى بويىچە بېجىردى.

شىكاردىن قايتقاندىن كېيىن پادشاھ نۇشىرۋان كېچە-يۇ - كۈندۈز قاتتىق ئويلىنىپ، ۋەزىر - ۋۇزرالارغا تايانماي تۇرۇپ ئاشۇ مومايىنىڭ ئۇۋالچىلىقىنى دەلىللەشىنىڭ چارىسىنى تېپىشقا تىرىشتى. بىر كۈنى كۈن پېشىندىن قايرىلغاندا نۇشىرۋان ئوردىدا ئادەم قالمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر خىزمەتكارنى بۇيرۇپ ئىشەنچلىك مەھرىمىنى چاقىرتىپ كەلدى. پادشاھ ئۇنىڭغا: «ئەي مەھرەم، ساڭا سىر ئەمەسكى، قولۇمدا سانسىزلىغان جەسۇر

ياساۋۇللار تۇرۇپتۇ. ئەمما مەن شۇلارنىڭ ئىچىدىن سىنى بىر خىزمەتكە سېلىشقا تاللىۋالدىم. سەن خەزىنىدىن ئازراق خىراجەت ئېلىۋېلىپ ئازەربەيجان ۋىلايىتىگە بارغىن. ئەڭ ياخشىسى ئاشۇ ۋىلايەتنىڭ پوستانى يېرىگە بېرىپ 20 كۈن تۇرغىن. سەن ئۇلارغا بىر قاچقۇن مەھرەمنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىڭنى ئېيتساڭ بولىدۇ. سەن ئامال قىلىپ ھەر خىل كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشقىن، كەيپ ياكى سەگەك قىياپەتلەردە ئۇلار بىلەن بىللە ياشىغىن ۋە ئۇلار بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىڭدە پالانى موماينى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگىن. ئۇ ئىلگىرى ئاشۇ شەھەرنىڭ پوستانى يېرىدە تۇرغان، ھازىر غايىب بولغان ئوخشايدۇ. سەن ئامال قىلىپ ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكىنىنى، ئۇنىڭ ھېلىقى زېمىنىنغا نېمە دېشۋارچىلىق كەلگەنلىكىنى سوراشتۇرغىن، كىشىلەردىن ئاڭلىغان سۆزلىرىڭنى تامام ئەستە تۇتۇۋال ۋە قايتىپ كېلىپ ماڭا خاتاسىز يەتكۈز. بۇ سېنىڭ ھەقىقىي ۋەزىپەڭ. ئەمما ئەتە مەن سېنى ئوردىغا چاقىرتىپ بەگ - تۆرىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ساڭا ئوچۇق - ئاشكارا تاپشۇرۇق بېرىمەن. ئەمدى بېرىپ خەزىنىدىن ئازراق خىراجەت ئېلىۋال ۋە ئازەربەيجانغا جابدۇن. بارغانلىكى شەھىرىڭدە ئاشلىق ۋە مېۋىلەرنىڭ بۇ يىلقى ھوسۇل بېرىش ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىل ۋە تەپسىلىي خاتىرىلىۋال. ئاپەت بولغان - بولمىغانلىقىغا، يايلاق ۋە شىكار مەيدانلىرىغا دائىر ئەھۋاللارغا كۆز قىرىڭنى سېلىپ ئۆتكىن. ھايال بولماي قايتىپ كەل ۋە كۆرگەن - بىلگەنلىرىڭنى ماڭا تولۇق مەلۇم قىل. سېنى بۇ ئىشقا ئەۋەتىشىمدىكى ھەقىقىي سىرنى ھېچ ئىنسان بىلمىسۇن» دېدى. مەھرەم تىزلىنىپ: «ئەمرىڭ قۇللۇق» دېدى.

ئەتىسى نۇشىرۋان ئادىل ئىشلارنى يۇقىرىقىدەك جۆندىدى. ھېلىقى مەھرەم ئۆز مەنزىلىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ كۆرسىتىلگەن جايدا 20 كۈن تۇرۇپ ئۇچرىغانلىكى كىشىدىن ھېلىقى مومايىنى سۈرۈشتۈردى. ئۆلارنىڭ ھەممىسى بىردەك: «ئۇ ھەقىقەتەنمۇ داڭدار ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، تولىمۇ سۆلكەتلىك ئايال ئىدى. ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۆز مەھبۇبى ۋە پەرزەنتلىرى بىللە بىللە تۇرغانلىقىنى كۆرەتتۇق؛ كېيىن مەھبۇبى ۋە پەرزەنتلىرى تامام ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ مىراس زېمىندا تىكەندەك يالغۇز قالدى. ئۇ ئاشۇ يېرىگە بىر دېھقاننى يالالاپ يەردىن چىققان ھوسۇل بىلەن پادىشاھقا سېلىق، دېھقانغا ئىش ھەققى تۆلەيتتى، قالغىنى ئۇنىڭ بىر كۈنىگە تۆت ناندىن توغرا كېلەتتى ۋە شۇ تەرىقىدە كېلەر يىلدىكى ھوسۇلغا ئۇلىشاتتى. ئۇ بىر نېنىغا باشقا ئوزۇق تېگىشەتتى،بىر نېنىغا چىراغ مېيى ئالاتتى، قالغان ئىككىسىنى ناشتىلىق ۋە كەچلىك قىلاتتى. ۋالىي راۋاقلىق ۋە كۆركەم چاھار باغلىق ئىمارەت سالماقچى بولدى ۋە ئۇنىڭ ئاشۇ زېمىنىنى زورىغا تارتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ باغلىق يېرىگە قوشۇۋالدى. ۋالىي بۇ يەرنىڭ بەدىلىگە پۇلمۇ بەرمىدى، يەرمۇ بەرمىدى. ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇ موماي ۋالىينىڭ يېنىغا تولا بېرىپ يىغا ـ زار قىلىپ پۇل تەلەپ قىلغان بولسىمۇ ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى. ئىلگىرى ئۇ مۇشۇ شەھەردە يۈرگەن، ھازىر نەگە كەتتىكىن، غايىب بولدى. ئۇنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىنىمۇ بىلمەيمىز» دېيىشتى.

شۇنداق قىلىپ ھېلىقى مەھرەم پايتەختكە قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا نۇشىرۋان ئوردىدا مەمۇرلارنى قوبۇل قىلىۋاتقانىدى. ئۇ ئوردىغا كىرىپلا نۇشىرۋان ئادىلغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

نۇشىرۋان ئۇنىڭغا: «قېنى كۆرگەن - بىلگەنلىرىڭنى تامام سۆزلىگىن» دېدى. مەھرەم ئېيتتى: «ئۆزلىرىنىڭ دانالىقىدىن مەملىكەتتىكى زىرائەتلەر ناھايىتى ياخشى ئۆسۈپتۇ، ھېچقانداق ئاپەت بولماپتۇ، يايلاقلاردا چۆپلەر بولۇق، شىكار مەيدانلىرىدا ئۇلجىلار تولۇق تۇرۇپتۇ». پادىشاھ: «تەڭرىگە شۈكرانىلەر بولسۇن! سەن ياخشى خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ» دېدى. قوبۇل تۈگەپ ئوردىدا ئادەم قالمىغاندا پادىشاھ مەھرەمنى چاقىرىپ سۈرۈشتۈرىۋىدى، مەھرەم ئاڭلىغانلىرىنى تولۇق بايان قىلدى. نۇشىرۋان ئادىل ھېلىقى مومايىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. كۆڭلى بىئارام بولۇپ كۈن - تۈنلىرى خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدى. بىر كۈنى سەھەردە پادىشاھ ھېلىقى ۋالىينى ئوردىغا چاقىرتىپ «تۆرىلەر كىرىپ كەلگەندە پوكۈنى كىشىنى كۆرسەڭ شۇ كىشىنى ساراي سەيناسىدا مەن چاقىرتقۇچە تۇتۇپ تۇرغىن» دېدى.

بارلىق بەگ - تۆرىلەر ۋە ئىمام - ئاخۇنلار قوبۇلخانىغا كېتىۋاتقاندا ھېلىقى ۋالىي نۇشىرۋاننىڭ دېگىنىدەك قىلدى. نۇشىرۋان چىقىپ ۋەزىرلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. بىر كەمدە تۆرىلەرگە بۇرۇلۇپ «مەن سىلەردىن بىر ئىشنى سوراپ كۆرەي،ئۆزۈڭلارنىڭ دانالىقى ۋە پەزىل - كەرەمى بىلەن راستىنى ئېيتىڭلار» دېدى. ھەممەيلەن بىردەك «قۇللۇق ئالىيلىرى» دېيىشتى. پادىشاھ سورىدى: «بىر كىشى ئازەربەيجاندا ئەمەلدار بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بايلىقى ئالتۇن دىنارغا سۇندۇرۇلسا قانچە بولار؟» ئۇلار ئېيتتىكى: «بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ كېرەك قىلمايدىغان مۈلكى 200 تۈمەن دىنار چىقار». ئۇ يەنە سورىدى: «ئۆي بىساتى ۋە تەئەللۇقاتلىرىچۇ؟»، ئۇلار ئېيتتىكى: «50 تۈمەن

دىنار قىممىتىدە ئالتۇن ـ كۈمۈش بىساتلىرى بولۇشى مۇمكىن». پادىشاھ سورىدى: «ئۇنچە ـ مارجانلىرىچۇ؟» ئۇلار ئېيتتى: «60 تۈمەن دىنار. » يەنە سورىدى: «گىلەم ۋە باشقا ھەشەم بۇيۇملىرىچۇ؟» ئۇلار: «30 تۈمەن دىنار» دېيىشتى. ئۇ يەنە سورىدى: «زېمىن، قورۇق ۋە چاھار باغلىرىدىن قانچىلىك بار؟»، ئۇلار ئېيتتى: «خۇراسان، ئىراق، بەسرە، ئەزەربەيجان قاتارلىق جايلاردىكى ھەممىلا قەلئە، يۇرتلاردا ئۇنىڭ يەتتە ـ سەككىز، ھەتتا ئونلاپ چاھار باغلىرى، تۈگمەنلىرى، سارايلىرى، ھور مونچىلىرى ۋە قورۇقلىرى بار» ئۇ يەنە سورىدى: «قانچىلىك ئات ۋە قېچىرى، تۆگە ـ قويلىرىچۇ؟»، ئۇلار: «26 تۈمەن.» ئۇ سورىدى: «قۇل ۋە ئىشلەمچىلىرى قانچىلىك چىقار؟»، «2 مىڭدىن ئارتۇق.» بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھ نۇشىرۋان سۆزلىدى: «بىراۋ شۇنچە بايلىققا تىنىپ كەتسۇن، شۇ ھالدا ھەركۈنى 20 لېگەندە گۆش، تاتلىق ـ تۈرۈم يېسۇن، يەنە بىراۋ ئاللانىڭ مۆمىنى بولۇپ قېرى ۋە ئاجىز، تەنھا، يۆلەنچۈكسىز ھالدا ھەركۈنى ئىككى ناننى ناشتىلىق ۋە كەچلىك غىزا قىلىپ يېسۇن، ناۋادا ئاشۇ بايلىققا تىنىپ كەتكەن كىشى يەنە بىر قېرى كىشىنى مەجبۇريي نانسىز قويغان بولسا ئۇنىڭغا قانداق جازا بېرىلىشى كېرەك؟» ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن: «ئۇنداق ئىنساپسىزغا جازانىڭ ھەر بىر تۈرىدىن تولۇق بېرىش كېرەك. ئۇنداق كىشىگە ھەرقانچە جازا بەرسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ» دېيىشتى. نۇشىرۋان ئېيتتى: «ئاشۇ كىشىنىڭ تېرىسىنى سويۇۋېلىپ گۆشىنى ئىتقا تاشلاپ بېرىڭلار. تېرىسىگە سامان تىقىپ ئوردا قوۋۇقى ئالدىغا يەتتە كۈن ئېسىپ قويۇڭلار. بۇگۈندىن ئېتىبارەن كىمدە ـ كىم رەئىيەتنى ئانىي تاپسا، باشقىلارنىڭ بىرتال سامان، بىر چۈجە ياكى بىر تال دان

چاغلىق نەرسىسىنى مۇتتەھەملىك بىلەن تارتىۋالسا، بىرەرى شىكايەت قىلغان ھامان زۇلۇم قىلغۇچى مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدۇ.»

نۇشىرۋان مەپكەشكە ھېلىقى مومايىنى ئەپكىلىشنى بۇيرۇدى. ئارقىدىنلا بەگلەرگە مۇنداق دېدى: «بۇ مەزلۇم زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىدۇر. زۇلۇم قىلغۇچى تېگىشلىك جازاسىنى تارتتى». ئاندىن ئۇ ئازەربەيجانغا ئەۋەتىلگەن مەھرەمگە قاراپ: «ئەي مەھرەم، مەن سېنى ئازەربەيجانغا نېمىگە ئەۋەتتىم؟» دېدى. ئۇ ئېيتتىكى: «مۇشۇ مومايىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇنىڭغا ئۇۋال بولغان - بولمىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا، شاھ ئالىيلىرىغا ھەقىقىي بولغان ئاخبارات ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەنمەن.» ئارقىدىنلا نۇشىرۋان بەگ - تۆرىلەرگە مۇنداق دېدى: «شۇڭا كۆڭلۈڭلاردا شەك قالمىسۇنكى، مەن بۇ جازانى كاللامغا نېمە كەلسە شۇ بويىچىلا بېرىۋاتقىنىم يوق. بۈگۈندىن ئېتىبارەن زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ تېتىيدىغىنى قىلىچىمنىڭ ئۆتكۈر تىغى بولىدۇ. مەن ساغلىقنى ۋە پاقلان - قوزىلارنى بۆرىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قىلىشىم، ئاچ كۆز تويماسلارنىڭ تىلىنى كېسىشىم، شۇملۇق ۋە ياۋۇزلۇقنى يەر يۈزىدىن يوقىتىپ، دۇنياغا ئادالەت ۋە باراۋەرلىك نۇرىنى سېپىشىم لازىم. چۈنكى بۇ مەن تۇغۇلغاندا ماڭا يۈكلەنگەن ۋەزىپە. ئەگەر ئىنسانلار ھەممىسى قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ھەممىسى دۇرۇس ئىشلار بولسىدى، تەڭرى يەر يۈزىگە ئۆزىنىڭ سايىسىنى ئەۋەتىپ ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلمىغان بولاتتى. شۇڭا ئۆزۈڭلارنى بۇ خىل دەھشەتلىك قىسمەتكە مۇپتىلا قىلغۇچى يامانلىقلارنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار.» قوبۇلخانىلاردىكىلەرنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ كەسكىنلىكى ۋە

www.uyghurkitap.com

سۇرىدىن ئەيمىنىپ لاغىلداپ تىترەپ كىتىشتى. نۇشىرۋان ھېلىقى مەزلۇمغا قاراپ: «سېنى ئانىي تاپقان كىشنى قاتتىق جازالىدىم. ئۇنىڭ تۇرالغۇسى ۋە سېنىڭ زېمىنىڭنى قوشۇپ ياسالغان چاھار بېغىنى ساڭا ھەدىيە قىلىمەن. ساڭا يەنە ئازراق چارۋا ۋە ئالتۇن دىنار بېرىمەن. شۇنىڭ بىلەن سەن مەن بەرگەن لەۋھەنى ئېلىپ يۇرتۇڭغا سالامەت قايتالايسەن. ئوقۇغان نامىزىڭدا دۇئا قىلغاندا بەلكىم مېنىمۇ ياد ئېتەرسەن. » دېدى. ئاندىن بەگ ـ تۆرىلەرگە قاراپ سۆز قىلدى:«نېمە ۋەجىدىن ئوردىنىڭ قوۋۇقى زۇلۇم قىلغۇچىلارغا داغدام ئوچۇق؟ زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارغا ئېتىكلىك؟ نۆكەرلەر ۋە دېھقانلار مېنىڭ خادىملىرىم، ئۇلار مېنىڭ ئەمگەك قىلىدىغان كۈچلىرىم. دېھقانلار ئاشلىق تېرىيدۇ،نۆكەرلەر بۇنى يەيدۇ. شۇڭا مەمۇرلار نۆكەرلەرگە قارىغاندا ئاشلىق تېرىغۇچىلارغا ئوڭلۇقراق بولۇشى لازىم. ھازىر شۇنداق بىر خىل ئىللەت، ئۇدۇمغا ئايلانمىغان قىلىق چىقتى: ھەر قېتىم زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار ئوردىغا شىكايەتكە كەلسە مېنىڭ ئالدىمغا كېلىشتىن توسۇپ قويۇلۇۋاتىدۇ. ئەگەر موشۇ مەزلۇم ئوردىغا كىرەلىگەن بولسا ئۇۋ مەيدانىغا بېرىپ يۈرمەيتتى ». شۇنىڭ بىلەن نۇشىرۋان ئادىل ئوردا قوۋۇقىدىكى قوڭغۇراقا يەتتە ياشلىق بالىنىڭ قولىمۇ يەتكىدەك قىلىپ زەنجىر ئېسىپ قويۇشنى ئەمىر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئوردىغا ئەرز ـ شىكايەتكە كەلگەن ھەرقانداق كىشى ئوردا باشىبۇغىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۈرمەيلا زەنجىرنى تارتسا قوڭغۇراق جاراڭلايدىغان، نۇشىرۋان بۇ دەۋاگەرنى قوبۇل قىلىپ ئەرز ـ دادىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدىغان بولدى. بۇ چارە ھەقىقەتەنمۇ ئەمەلدە يۈرگۈزۈلدى.

بەگ ـ تۆرىلەر ۋە سۇ باشلىرى ئوردىدىن ئۆز قەسىرلىرىگە قايتقاندىن كېيىن دەرھال غوجىدارلىرىنى ۋە خادىملىرىنى چاقىرتىپ مۇنداق دېيىشتى: «مۇشۇ ئون يىل مابەينىدە قانچىلىك مال ـ دۇنيا شىلىۋالغانلىغىمىزغا قاراپ چىقىڭلار. قانچىلىك خۇن دەۋاسىغا قەرزدار ئىكەنلىكىمىزنى، كەيپچىلىكتە ۋە سەگەك ھالىتىمىزدە كىملەرگە زىيان سالغانلىقىمىزنى ئېنىقلاپ چىقىڭلار ھەمدە ئاشۇ دەۋاگەرلەر ئوردىغا بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن شىكايەت قىلغۇچە ئۇلارنى رازى قىلىپ ئاغزىنى تۇۋاقلىۋېتىڭلار». شۇنىڭ بىلەن بۇ خادىملار ئېسىگە ئالالىغىنىچە ئۆزلىرى جەبىر ـ زۇلۇم قىلغان كىشىلەرنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن چىللاپ كېلىپ ياكى ئۆيلىرىگە پەتىگە بېرىپ ھەممىسىنى رازى قىلىشتى. يەنە تۆلەم ئالغان رىيازىتىگە تۇشلۇق كۆڭلى ئەمىن تاپقان كىشىلەردىن قايتا دەۋا قىلسا دەۋاسىنىڭ باتىل (بىكار) بولۇشى ھەققىدە تىلخەتلەر ئېلىشتى. شۇ تەرىقىدە نۇشىرۋان ئادىلىنىڭ دۆلىتىدە تەرتىپ ئىزىغا چۈشتى، زۇلۇم يوقالدى. جاھان شۇنچىلىك ئەمىنلىككە تولدىكى، يەتتە يىلغىچە بىرەر ئىنسان ئوردىغا شىكايەتكە كەلمىدى.

يەتتە يىلدىن كېيىنكى بىر كۈنى قوبۇلخانىدا ھېچكىم قالمىغانىدى، ماڭىدىغانلارنىڭمۇ ھەممىسى مېڭىپ بولۇشقانىدى. نۆكەرلەرمۇ نەيزىلىرىگە يۆلەنگىنىچە مۈگدەپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇتلا قوڭغۇراق جاراڭلىدى، نۇشىرۋان قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھاللا ئىككى چاكارنى قاراپ بېقىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار ئوردا قوۋۇقىغا بېرىپ قارىسا قورۇق سۆڭەك ۋە پۈتۈن بەدىنىنى يىغىر قاپلىغان بىر قوتۇر ئېشەك قوۋۇق ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قوڭغۇراقنىڭ زەنجىرىگە ھەدەپ دۈمبىسىنى

سۈركەۋاتقانىكەن. قوڭغۇراقنىڭ جاراڭلىشى شۇنىڭدىن ئىكەن. ئۇلار قايتىپ بېرىپ: «ھېچكىم ئەرز قىلماپتۇ، پەقەت ئۇستۇۋېشىنى يېغىر بېسىپ كەتكەن بىر قوتۇر ئېشەك قىچىشقان يېرىنى زەنجىرگە سۈركەۋېتىپتۇ» دېدى. نۇشىرۋان ئېيتتى: «ھەي كالۋالار، ئىش سىلەر ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. بېرىپ ياخشىراق قاراپ بېقىڭلارچۇ: مۇشۇ قوتۇر ئېشەكمۇ ئادالەتكە تەشنا بولۇپ كەلگەن. سىلەر بېرىپ ئاشۇ ئېشەكنى يېتىلەپ بازارغا ئاپىرىڭلار ۋە كۆرگەنلىكى كىشىدىن ئېشەكنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈڭلار. ئاندىن قايتىپ ماڭا مەلۇم قىلىڭلار». ھېلىقى ئىككى چاكار ئېشەكنى يېتىلەپ بازارغا ئاپاردى ۋە كىشىلەردىن بۇنىڭ ئىگىسىنى سۈرۈشتە قىلدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن «تەڭرى نامىدىن قەسەم قىلىمىزكى، بۇ شەھەردە بۇ ئېشەكنى بىلمەيدىغان كىشى يوق » دېيىشتى. چاكارلار: «بۇ ئېشەك توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟» دەپ سورىۋىدى، كىشىلەر: «بۇنىڭ ئىگىسى ئەسلىدە بىر كىرچى ئىدى. ئۇ دائىم كىشىلەرنىڭ يۇدۇرىدىغان كىرلىرىنى مۇشۇ ئېشەككە ئارتىپ كىر يۇيىدىغان جايغا ئېلىپ باراتتى. كەچقۇرۇنلىقى كىيىملەرنى ئارتىپ يېنىپ كېلەتتى. بۇ ئېشەك قاۋۇل ۋە كۈچتۈڭگۈر ۋاقىتلاردا ئىگىسى ئۇنى ياخشى باققانىدى. ئەمدى قېرىپ كۈچىدىن قالغاندا ئىگىسى ئۇنى كېرەك قىلماي ئۆيىدىن قوغلىۋەتتى، بۇنىڭغىمۇ بىرەر يىل بولۇپ قالدى. ئۇ كۈنلەپ - تۈنلەپ كوچا - كويلاردا، بازار - رەستىلەردە ۋە تۇرالغۇلار ئارىلىقىدا قاڭقىپ يۈرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىچ ئاغرىتقانلىرى بىرەر - ئىككى باغلام بېدە - چۆپ بېرىپمۇ قويىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىككى كۈندىن بېرى بىرەر چىشلەم چۆپ يېگەنلىكىنى ياكى بىرەر يۇتۇم سۇ

ئىچكەنلىكىنى بىلمەيمىز» دېيىشتى.

بۇ ئىككى چاكار ئۇچرىغانلىكى كىشىلەردىن سورىسا ھەممىسى ئاساسەن ئوخشاش جاۋاب بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تېزلا قايتىپ ئاڭلىغانلىرىنى شاھقا يەتكۈزدى. نۇشىرۋان ئادىل: «مەن سىلەرگە بۇ ئېشەك تەڭسىزلىك ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەن، دېمەپىمىدىم؟ ئەتە ھېلىقى كىرچىنى ۋە تۆت سەركارنى بىللە ئېلىپ كېلىڭلار. ئەگەر مۇۋاپىق تېپىلسا ئۇلارنى جازالايمەن» دېدى. ئەتىسى چاكارلار يارلىق بويىچە ئىش كۆردى ۋە كىرچى، ئېشەك، سەركارلارنى شاھ ئالدىدا دەرقەمتە قىلىشتى. نۇشىرۋان كىرچىغا قاراپ: «ئاڭلىشىمچە بۇ ئېشەك ساغلام ۋە كۈچلۈك ۋاقتىدا سەن ئۇنىڭغا ياخشى قاراپسەن. ئۇ قېرىپ كۈچىدىن قالغاندا ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولماپتۇ ۋە ئۇنى ئۆيۈڭدىن قوغلاپ چىقىرىپسەن. ئۇنىڭ ساڭا 20 يىل ئىشلىگەن ھەققى نەگە كەتتى؟» دېدى. ئارقىدىنلا بۇ كىشىنى 40 قامچا ئۇردى ۋە: «مۇشۇ ئېشەك ھاياتلا بولسا ئۇنى ھەر كۈنى مۇشۇ تۆتەيلەننىڭ يەيدىغان نېنى بىلەن تويغىچە ھەلەپ ئېتىپ بېرىپ باقىسەن. ئۇنداق قىلمىغانلىقىڭنى بىلىپ قالسام مەندىن رەنجىمە. يادىڭدا بولسۇنكى، پادىشاھلار ھەر زامان ئاجىزلارنىڭ ھەققىنى ئويلايدۇ، مەمۇرلار، زېمىندارلار ۋە مەھرەملەرنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار پانىي ئالەمدىكى شاپائەت بىلەن ھېسابلىشىدۇ» دېدى.

باجگىرلار ۋە زېمىندارلارنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كېتىپ تەسىرنىڭ زورىيىپ كېتىشىدىن ۋە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئىككى ـ ئۈچ يىلدا بىر قېتىم يۆتكەپ ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇلنى

قوللانغاندا ئۇلار دېھقانلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئۆلكىلەرمۇ ئاسايىشلىققا پۈركىنىدۇ.

ھېكايىدىكى قىزىمدىن سورايدىغان سوئالنىڭ جاۋابىنى ئۆزۈمنىڭ ئېيتىۋەتكىنىمنى ھېس قىلىپ قىزىمغا قارىسام، ئۇ يەنە يېنىك پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئەتىسى ئۇنىڭ جېدىلىگە چىدىماي نىزامۇل مۇلكنىڭ قەرزدارلار ۋە قەرز ئىگىلىرى ھەققىدىكى تۆۋەندىكى ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەردىم.

ئاbbاسىيلار خەلىپىلىرىدىن ھوقۇق، ھۆرمەت، بايلىقتا مۇئتەسىمگە تەڭداش بولالايدىغان بىرى يوق ئىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ۋالىيلىققا تۇركلەرنى قوياتتىكەن. بىر كۈنى تۈرك ئەمىردىن بىرسى غوجىدارىنى چاقىرتىپ: «سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگىن، باغدادتىكى سودىگەرلەر ياكى رەئىيەتتىن مەن بىلەن 500 دىنارلىق سودا قىلغۇدەك بىرەرى بارمىكىن. ماڭا بۇ خىراجەت جىددىي كېرەك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ھوسۇل يىغقاندا بۇ پۇلنى جەزمەن قايتۇرۇۋېتىمەن» دېدى. غوجىدار ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئۆزىنىڭ بىر سودىگەر بۇرادىرىنى ئەسكە ئالدى. بۇ كىشى تېخى يېقىندىلا 600 دىنار پايدا چىققان بىر سودىنى پۈتكۈزگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەمىرگە: «سودا قىلىدىغان بىر بۇرادىرىم بار، يېقىندا ئۇ 600 دىنار پايدا ئالغان. ناۋادا سەن ئۇنى بۇ يەرگە چىللاپ كەلسەڭ، ئۇنى ئەزىز مېھماننى قەدىرلىگەندەك قەدىرلىيەلىسەڭ ۋە ئەتراپلىق كۈتەلىسەڭ غىزادىن كېيىن پۇلنىڭ گېپىنى چىقارغىنىڭدا مېھماندوستلۇقۇڭنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ بولسىمۇ تەلىپىڭنى رەت قىلماس» دېدى. ئەمىر غوجىدارنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنى

چاقىرتتى ۋە ئىللىق چىراي بىلەن كۈتۈۋالدى. ئاندىن تۆرگە باشلاپ: «جانابلىرى، ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك نام ـ شەرىپلىرىنى ئۇزاقتىن بويان ئاڭلاپ كەلگەنىدىم، ھەقىقەتەنمۇ سىلىنىڭ سەممىي پازىللىقلىرى، تەقۋادار مۆمىن ئىكەنلىكلىرى ھېچكىمگە سىر ئەمەس. شۇڭا جانابلىرى بىلەن دەرقەمتە ئولتۇرۇپ سۆھبەتتە بولۇشنى شەرەپ ھېس قىلىپ ئۆزلىرىنى چاقىرتتىم. بەھۇزۇر ئولتۇرسىلا، مېنى ئۆزلىرىنىڭ قېرىندىشىدەك كۆرۈۋەرسىلە» دېدى. مېھمان ئەمىرنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىگە بىردىن تەزىم ـ تەۋەززۇ قىلىپ ئولتۇردى. غوجىدارمۇ مېھماننى ماختاپ تۇردى. بىركەمدە غۇلاملار پەتنۇسلاردا غىزا ئەپكەلدى. ئەمىر ھېلىقى مېھماننى ئۆزىنىڭ بىقىنىدا ئولتۇرغۇزۇپ غىزاغا بېقىشقا ئۈندەپ تۇردى ۋە توختىماستىن غىزانىڭ سەرخىل يەرلىرىدىن ئۇنىڭ قاچىسىغا سېلىپ قويغىلى تۇردى. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ئەمىر سودىگەرگە بۇرۇلۇپ: «نېمە ۋەجىدىن بۇيەرگە چاقىرىپ كەلگەنلىكىمىزنى بىلەمدىلا؟» دەپ سورىدى. سودىگەر: «ئەمىرنىڭ كۆڭلىگە ھەممىدىن بەك ئاياندۇر» دېدى. ئەمىر ئېيتتى: «سورىسام باغدادتا نۇرغۇن دوست ـ يارەنلىرىم بار، ئۇلاردىن بەش تۈمەن دىنار سورىسامۇ زادىلا بېخىللىق قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار مەن بىلەن سودا قىلىپ بېيىپ كەتكەنلەر. ئەمدى نەق گەپكە كەلسەك، شۇ تاپتا ئۆزلىرى بىلەن دوستلۇق رىشتىسىنى مۇستەھكەم چىگىشتىن ئۆزگە ئارزۇيۇم يوق. شۇڭا ئۆزلىرىدىن تۆت ـ بەش ئاي سۈرۈك بىلەن مىڭ دىنار ئارىيەت ئېلىشنى ئىستىمەكتىمەن. ھوسۇل يىغىلغاندا ئالغان قەرزنى بىر پارچە تون بىلەن قوشۇپ تولۇق قايتۇرىمەن. ئۆزلىرى ئۈچۈن بۇ ھېچ گەپ ئەمەس، ياق دېمەيدىغانلا؟» ھېلىقى مېھمان ئەمىرنىڭ

كۆپ جۇۋاپ كەتكەنلىكىدىن ئويلىنىپ: «ئەمىرنىڭ خىزمىتىگە تەييارمەن. بىراق ھازىر بارى ـ يوق 600 دىنار پۇلۇم بار. مۇشۇ پۇل بىلەن ئاران ـ ئاران كۈن ئۆتكۈزۈپ ئۇششاق سېتىقچىلىق قىلىۋاتىمەن، بۇ دىنارلارنى ناھايىتى ئۇزۇندا كۆپ مۇشەققەتلەر بەدىلىگە يىغقانىدىم. بوپتۇ، شۇنى ئۆزلىرىگە بېرەي» دېدى.

ئەمىر: «خەزىنەمدە تېخى قول تەگكۈزمىگەن تىللالىرىم تۇرۇپتۇ. سىلى بىلەن دوست ـ يارەنلەردىن بولۇش ئۈچۈن ئاشۇ 600 دىنارنى ماڭا بەرسىلە، مەن سىلىگە 700 دىنارغا خەت يېزىپ بېرەي. ھوسۇل يىغقاندا پۇللىرىنى كۆركەم سوۋغات بىلەن ياندۇرىمەن» دېدى. شۇنداق قىلىپ سودىگەر ئەمىر يېزىپ بەرگەن تىلخەتنى ئېلىپ دىنارلىرىنى بېرىپ كېتىپ قالدى.

تىلخەتنىڭ سۈرۈكى توشقاندىن كېيىنكى ئون كۈن ئىچىدە ھېلىقى سودىگەر ئەمىرنى زىيارەت قىلدى. ئۇ كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى دەپ يۈرمەيلا كۆڭلىدە: ئەمىر مېنى كۆرسىلا ھېلىقى پۇلنى ئالغىلى كەلگەنلىكىمنى چۈشىنىدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇ مۇشۇ خىياللار بىلەن سۈرۈك توشۇپ ئىككى ئايغىچە ئەمىرنى ئون قېتىم زىيارەت قىلدى. ئەمما ئەمىر قانداقتۇر ئۇ سودىگەرنىڭ نېمە مۇددىئادا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانىدەك ئىدى. سودىگەر ئەمىرنىڭ پۇل توغرىسىدا زادىلا زۇۋان سۈرمىگىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئۆز مەقسىتىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ بىر پارچە خەت كىرگۈزدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «پېقىر ھازىر سىلىگە ئۆتنىگە بەرگەن ئاشۇ ئەرزىمەس دىنارلارغا موھتاج بولۇپ قېلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ سۈرۈكى توشقىلىمۇ ئىككى ئاي بولۇپ قالدى. ئەمىر مۇۋاپىق كۆرسە ئاشۇ ئەرزىمەس پۇللارنى پېقىرنىڭ قولىغا قايتۇرۇۋەتسىلە بولاتتى.» ئەمىر ئۇنىڭغا: «مېنى پۇلنىڭ

ئىشىنى ئۇنتۇپ قالدى، دەپ ئويلىدىڭمۇ؟ ئەندىشىدە بولما، سەۋرچانلىق بىلەن بىر قانچە كۈن كۈتكىن. مەن ئۆز مەھرەملىرىمدىن پۇلۇڭنى چىقارتىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى سودىگەر يەنە ئىككى ئاي كۈتكەن بولسىمۇ پۇلنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ يەنە بىر قېتىم ئەمىرنىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ پۇلنى قايتۇرۇش ھەققىدە يەنە بىر پارچە خەت كىرگۈزدى ۋە شەخسەن ئەمىرگە ئېغىز ئاچتى. سودىگەر ھەييارلىق قىلىپ گەپنى ئېچىپ كېلىپ پۇلنى سۈيلەپ باققان بولسىمۇ ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى. شۇ تەرىقىدە سۈرۈكتىن سەككىز ئاي ئېشىپ كەتتى.

مۇشكۇلاتتا قالغان سودىگەر بىر قانچە كىشىنى ئارىغا قويىدى، قازىنى تېپىپ ئەمىرنى شەرىئەت قازىخانىسىغا چاقىرتىشنى ئۆتۈندى. تارقان ـ تۆرىلەردىن بىرەرىمۇ ئەمىرگە يان باسمىدى ۋە سودىگەر ئۈچۈن ئارىغا چۈشتى، ئەمما بۇمۇ قاملاشمىدى. سودىگەر ئىلاجسىز قازىخانىدىن 50 ئادەمنى ياردەمگە چاقىرتىپ كەلگەن بولسىمۇ يەنىلا ئەمىرنى قازىخانىغا ئېلىپ بارالمىدى. ئەمىر تارقان ـ تۆرىلەرنىڭ بىر ئېغىز سۆزىنىمۇ ئىلىك ئالمىدى. شۇنداق قىلىپ بىر يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. سودىگەر ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئۆسۈمىنى ئالماسلىق، 600 دىنارلا پۇل بېرىش تەلىپىنى قويغان بولسىمۇ يەنىلا ئاقمىدى. ئۇ تۆرىلەردىن ياردەم كۈتۈش ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ھارغىنلىقتىن ئولتۇرۇپلا قالدى. ئاخىرى ئۈمىدىنى تەڭرىگە باغلاپ فەزىلەمەند مەسچىتكە كىرىپ بىر نەچچە رەكەت ناماز ئوقۇدى ۋە شۇرلاپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلدى: «ئەي، تەڭرىم، پېقىرنىڭ دۇئا ـ تەكبىرلىرىنى قوبۇل كۆرگەيسەن. تېگىشلىك ھەققىمنىڭ يېنىپ كېلىشىگە بىر يول ئاتا

قىلغايسەن. ئاشۇ ئىنساپسىزغا ئادالەت نۇرىنى سەپكەيسەن ! »
دەل مۇشۇ ۋاقىتتا مەسچىتتە ئولتۇرغان نامازخان دەرۋىش سودىگەرنىڭ شىۋىرلىشىنى ئاڭلاپ قىلىپ كۆڭلى ئۇنىڭغا مايىل بولدى. سودىگەر ئىبادىتىنى تۈگەتكەندە دەرۋىش ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچتى: «ھەي شەيخىم! بېشىڭغا نېمە كۈلپەت كەلدى؟ سېنى شۇنچە بىئارام قىلغۇدەك نېمە ئىش بولدى؟ ماڭا ئىزھار ئەيلىگىن» سودىگەر دېدى: «ماڭا كەلگەن بۇ بەختسىزلىك شۇنچىلىك ئېغىركى، ھېچبىر بەندە ئۇنىڭغا كار قىلالماس. پەقەت تەڭرىملا ياردەم قىلالايدۇ». دەرۋىش دېدى: «شۇنداقتىمۇ بىر ئېيتىمامسەن؟ بۇ دېگەن سەۋەبىنىڭ ئالەمى». سودىگەر ئېيتتى: «ئەي قەلەندەر، بۇ ئىشنى دادلاپ بارمىغان بىر خەلپىلا قالمىدى، باشقا ئەمىر ـ تارقانلارغا ئۇۋالچىلىقىمدىن ھال ئېيتتىم، قازىخانىغىمۇ باردىم، ھېچبىر پايدىسى بولمىدى. ساڭا ئىزھار ئەيلىسەم سېنىڭ قولۇڭدىن نېمە كېلەر؟» دەرۋىش دېدى: «ماڭا دېگىن، پايدىسى بولمىسا زىيىنىغۇ بولماس؟ سەن بەلكىم ئەۋلىيالىرىمىزنىڭ ‹مۇشكۈلاتتا قالغىنىڭدا ئۇچرىغانلىكى كىشىگە ھالىڭنى ئېيت، بەلكىم پېقىر ـ مىسكىنلەر ئارىسىدىن بۇنىڭ چارىسى تېپىلىپ قالار› دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىغاندۇرسەن. دەردىڭنى ماڭا ئېيتساڭ ھېچبولمىغاندا ساڭا تەسەللى بېرەلەيمەن. ساڭا تەسەللى بېرەلمىگەن ھالەتتىمۇ دەردىڭ يەڭگىللەپ قالىدۇ». سودىگەر ئۇنىڭ سۆزىنى توغرا تېپىپ بولغان ئىشنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە دەرۋىشكە سۆزلەپ بەردى.

دەرۋىش ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتنى تولۇق ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن: «ئەي خوجام، بېشىڭغا كەلگەن كۈلپەت ـ دىشۋارچىلىقنى ماڭا ئېيتىپ بىرىۋېدىڭ، بۇنىڭ ئامالى دىلىمغا

ئايان بولدى. خاتىرجەم بول، ئەگەر مېنىڭ دېگىنىمدەكلا قىلساڭ بوگۈننىڭ ئۆزىدىلا شۇ دىنارلىرىڭنى قايتۇرۇۋالالايسەن» دېدى. سودىگەر سورىدى: «مېنى نېمە قىل دەيسەن؟» دەرۋىش ئېيتتى: «مۇشۇ دەققىنىڭ ئۆزىدىلا چوڭ مەيدانغا بارغىن، مەيداندا بىر قۇببىلىك مەسچىت بار. شۇ مەسچىتنىڭ يېنىدا بىر دەرۋازا بار، دەرۋازىنىڭ ئارقىسىدا بىر كاسىپخانا بار. شۇ دۇكانغا كىرسەڭ جۇل - جۇل كىيىملىك بىر بوۋاينى كۆرىسەن. ئۇ هازىر چېدىر تىكىۋاتىدۇ. يېنىدا بىر نەچچە ئۇششاق باللارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يىڭنە ئىش قىلماقتا. سەن شۇ بوۋايغا كۆرۈنۈش قىلغاندىن كېيىن يۈكۈنۈپ تۇرۇپ بولغان ئىشلارنى تولۇق سۆزلەپ بەرگىن. ئارزۇ - مۇرادىڭنىڭ ھەسرەت گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلغاندا مەن پېقىر دەرۋىشكە دۇئا قىلىپ قويارسەن. بارغىن، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمە، دېگىنىمدەك قىل». ھېلىقى سودىگەر مەسچىتتىن چىققاچ كۆڭلىدە: بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى؟ شۇنچە بەگ - تۆرىلەر، ئەمىرلەر ئارىغا چۈشۈپمۇ ھېچ نەرسە قىلالمىدىغۇ؟ ئەمدى بۇ دىۋانە ماڭا ئاشۇ پۇتلىرى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىنى سايە قىلىۋاتىدۇ. تېخى ئاشۇ قېرى مېنى مۇراد باغچىسىدىن مەقسەت گۈللىرىمنى ئۈزدۈرگىدەك. بۇ بىر يوقىلاڭ ئويۇن بولماي نېمە؟ ئەپسۇس، بۇنىڭدىن ئۆزگە چارىمۇ يوق. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن بىر بېرىپ باقمايمۇ. ھەر نېمە بولسا شۇنچىلىك بولار، دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېلىقى دۇكاننى تېپىپ بوۋايغا سالام بەردى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. بوۋاي ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى، سودىگەر بولسا بىر مەھەل ئولتۇرۇپ قالدى. بىر كەمدە بوۋاي قولىدىكى ئىشنى قويۇپ: «ساڭا نېمە كېرەك، ئوغلۇم؟» دەپ سورىدى. سودىگەر

بېشــغا كەلگــەن كۆلپــەتنى يىپــدىن ـ يىڭنىســغىچە تولــۇق سۆزلەپ بەردى.
بوۋاي ھەممىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «تەڭرى بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى جايى ـ جايىدا ئورۇنلاشتۇرغۇچىدۇر. كۆپ گەپنىڭ پايدىسى يوق. مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا بىرىپ ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ باقاي. ئىلاھىم ئىشلىرىمىز ئوڭغا تارتسۇن. سەن ئاۋۇ تامغا يۆلىنىپ بىر ئاز ئارام ئېلىپ تۇر» دېدى. ئاندىن شاگىرتلىرىنىڭ بىرىگە: « قولۇڭدىكى ئىشنى قويۇپ ئەمىرنىڭ ئۆيىگە بارغىن ۋە دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغىن. بىرەرى چىقىپ كىرسە ئۇنىڭدىن بىر تىككۈچى شاگىرتنىڭ سىرتتا ساقلاپ تۇرغانلىقىنى ئەمىرگە يەتكۈزۈشنى ئۆتۈنگىن ۋە ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان بىر ئىشنىڭ بارلىقىنى ئېيتقىن. ئەمىر سېنى چاقىرتقاندا كىرىپ ئۇنىڭغا سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن؛ «ئۇستام سالام ئېيتتى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە بىراۋ ئۇستامغا سىزدىن شىكايەت قىلىپ بىرىپتۇ، ھېلىقى كىشىنىڭ قولىدا سىز مۆھۈرىڭىزنى باسقان 700 دىنارلىق تىلخەت باركەن. تىلخەتنىڭ سۈرۈكى توشقىلى بىر يېرىم يىل بوپتۇ. سىزنى دەرھال پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ ئۇنى تولۇق رازى قىلسۇن دېدى، دەپ ئېيتقىن. ئاندىن تېز قايتىپ كەل ۋە ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ماڭا يەتكۈز» دېدى.
ھېلىقى شاگىرت بالا ئوقتەك يۈگۈرۈپ ئەمىرنىڭ ئۆيىگە كەتتى. سودىگەر بولسا ھاڭ ـ تاڭلىق ئىچىدە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. بىر چاغدا ھېلىقى شاگىرت بالا قايتىپ كەلدى ۋە ئۇستىسىغا دېدى؛ «سەن ئېيتقاندەك قىلدىم ۋە سۆزۈڭنى يەتكۈزدۈم. ئەمىر چاچراپ تۇرغىنىچە ‹بىرىپ ئۇستاڭغا مەندىن سالام ئېيت ۋە تەشەككۈرۈمنى يەتكۈز. ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولىدۇ.

پۇلنى ئۆزۈم ئالغاچ بارىمەن ۋە سەۋەنلىكىمدىن ئەپۇ سوراپ ئۇز قولۇم بىلەن تاپشۇرىمەن، دېدى». ئارىدىن بىر چاي قاينىمى ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئەمىر مىراخور ۋە مەھرەملەرنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئېتىدىن چۈشۈپ دۇكانغا كىرىپ بوۋايغا سالام قىلدى ۋە ئۇنىڭ قوللىرىنى سۆيدى. ئەمىر بوۋاينىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن مەھرەملىرىنىڭ بىرى سۇنغان كىچىك تېرە خالتىنى ئېلىپ: «پۇل مۇشۇ خالتىدا، پېقىرنى بۇ ئالتۇنلارنى يۇتۇۋالدىمىكىن دەپ قالما. بۇنىڭ ھەممىسى ئاشۇ غوجىدارنىڭ سەۋەنلىكى» دېدى. ئۇ توختىماستىن ئەپۇ ۋە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ مەھرەملىرىدىن بىرىگە: «بازارغا بېرىپ سەرراپتىن بىرنى چاقىرىپ كەل،تارازىسىنىمۇ ئالغاچ كەلسۇن» دەپ بۇيرۇدى. مەھرەم ھايال بولمايلا سەرراپتىن بىرنى باشلاپ كەلدى. ئالتۇنلار ئۆلچىنىۋىدى جەمئىي 500 دىنار چىقتى. ئەمىر: «ئۇ بۈگۈن مۇشۇ پۇلنى ئېلىپ تۇرسۇن،ئەتە ساراي يوقلىمىسىدىن يېنىپلا ئۇنى قوبۇلخانامغا چاقىرتىمەن ۋە قالغان 200 دىنارنى بېرىۋېتىمەن. ئىلاج قىلىپ ئۇنى رازى قىلىمەن. ئەتە بامدات نامىزىدىن بۇرۇن بىر قەسىدىچىنى ھۇزۇرۇڭغا ئەۋەتىمەن» دېدى. بوۋاي: «مۇنۇ 500 دىنارنى ئاۋۇ كىشىنىڭ قوينىغا سالغىن، لەۋزىگە تۇرىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن» دېدى. ئەمىر: «خاتىرجەم بول» دېگىنىچە بوۋاينىڭ دېگەنلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، بوۋاينىڭ قولىنى سۆيۈپ قويدى ۋە قايتىشقا تەرەددۇتلاندى. شۇ تاپتا سودىگەر خۇشاللىقىدىن ۋە ئەندىككەنلىكىدىن چۈش كۆرۈۋاتقاندەكلا ھېس قىلدى. سودىگەر تارازىنى ئالدىغا تارتىپ 100 دىنارلىق ئالتۇننى ئۆلچىدى ۋە بوۋاينىڭ ئالدىغا قويۇپ: «مەن ئەسلىدە يۈز دىنار ئېلىشقىمۇ رازى بولغانىدىم،ئەمدىلىكتە

سىلىنىڭ يارده‌ملىرى بىلەن پۈتۈن پۇلۇمنى قايتۇرۇۋالدىم. مۇشۇ يۈز دىنارنى ماڭا قىلغان ياردەملىرى ئۈچۈن چىن يۈرىكىمدىن ئۆزلىرىگە ئاتىدىم» دېدى. بوۋاي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تۇرۇپ: «بىر مۇسۇلمان كىشى مېنىڭ سەۋەب بولۇشۇم بىلەن مۇشكۈلاتتىن قۇتۇلغان بولسا شۇنىڭ ئۆزى مېنى رازى قىلىشقا يېتىدۇ. بىراق مەن ئىمانىمغا ئاشۇ دىنارلاردىن بىرنى ئېلىشنى بۇيرۇسام، مەن بۇ تۈركتىنمۇ بەكرەك بەتنىيەت ئادەمگە ئايلىنىپ قالىمەن. تۈرگەن دىنارلىرىڭنى ئېلىپ يولۇڭغا مېڭىۋالغىن. ناۋادا ئەتە دېيىشكەن ۋاقىتتا ئۇ ساڭا قالغان 200 دىنارنى بەرگىلى ئۇنىمىسا ماڭا ئېيتقىن. بۇنىڭدىن كېيىن سودا قىلىشتا سودىلىشىدىغان ئادىمىڭنى ئوبدان كۆزەت» دېدى. سودىگەر شۇنچە ئۆتۈنگەن بولسىمۇ بوۋاي ھەق ئېلىشنى قەتئىي رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سودىگەر بوۋايغا خوش دەپ كۆڭلى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ ئۆيگە قايتتى. شۇ كېچىسى ياستۇقنى ئېگىز قىلاپ بەخۇدۇك ئۇخلىدى.

ئەتىسى سودىگەر ئۆيىدە خەۋەر كۈتتى. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ئەمىرنىڭ مەھرەملىرىدىن بىرى كەلدى ۋە: «ئەمىر سىلىنى بىر كېلىپ كەتسە، دېگەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن سودىگەر ئەمىرنىڭ ئۆيىگە باردى. ئەمىر ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن تۆرگە باشلىدى. ئارقىدىنلا غوجىدارنىڭ ھاڭۋاقتىلىق قىلغانلىقىنى ئەيىبلەپ ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكىنىنى سۆزلەپ بەردى. بىر كەمدە خەزىنىدارغا «ئالتۇن قاپچۇقنى ۋە تارازىنى ئەپكەل» دېدى. ئۇ 200 دىنارنى ئۆلچەپ ئۇنىڭغا بەرگەندە ئۇ تەۋەززۇ بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈردى ۋە مېڭىشقا ئىجازەت سورىدى. ئەمىر: «يەنە بىردەم

www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرسىلا» دەپ غىزاغا تۇتۇۋالدى. غىزا يېيىلىپ قوللار يۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئەمىر بىر غۇلامنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. ئۇ چىقىپ كېتىپ بىر كەمدە بىر چوڭ تۇگۈنچەك كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئەمىر: «ئۇنىڭغا بەرگىن» دېۋىدى، ئۇلار بوپىنىڭ ئىچىدىكى قىممەت باھا لىباسنى ئۇنىڭ ئۇستىگە ئارتىپ قويدى. يەنە ناھايىتى ئەلا سورتلۇق كاناپ رەختتىن ئىشلەنگەن پەرەنجىنى ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئارتىپ قويدى. ئارقىدىنلا ئەمىر: «تولۇق رازى قىلالىدىمىمۇ؟» دېدى. ئۇ: «شۇنداق تەقسىر» دېگەندىن كېيىن ئەمىر: «ئەمىسە تىلخەتنى ماڭا بېرىپ بوۋاينىڭ يېنىغا بارغىن ۋە ئۇنىڭغا پۇلنى ئالغانلىقىڭنى، تولۇق رازى بولغانلىقىڭنى ئېيت» دېدى. ئۇ: «خوپ تەقسىر، ئۇ كىشىمۇ قانداقلا بولمىسۇن ئىشنىڭ نەتىجىسىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىغانىدى» دېدى. سودىگەر خۇشلىنىپ ئەمىرنىڭ تۇرالغۇسىدىن ھېلىقى دۇكانغا باردى ۋە بولغان ئىشلارنى تولۇقى بىلەن بايان قىلىپ ئۇ ھەدىيە قىلغان تون - سەرپايلارنى كۆرسەتتى ۋە: ئەي مۆھتەرەم زات، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلىنىڭ ئىنايەتلىرى بىلەن بولدى. شۇنداق بولغاندىكىن، مۇنۇ 200 دىنارنى قوبۇل قىلسىلا نېمىشقا بولمايدۇ» دېدى. سودىگەر قانچە يېلىنسىمۇ ئۇ ھەرقانداق ھەقنى رەت قىلدى. سودىگەر ئىلاجسىز بوۋاي بىلەن خۇشلىشىپ كەيپى چاغ ھالدا دۇكىنىغا كەتتى. سودىگەر ئەتىسى بىر پاقلاننى ۋە بىر نەچچە چۆجىنى كاۋاپ قىلىپ بىر پەتنۇس مېۋە بىلەن بوۋاينىڭ تىككۈچىلىك دۇكىنىغا باردى ۋە ئۇنىڭغا: «ئەي شەيخ، پۇل ئېلىشنى مەقبۇل كۆرمىسىلە مۇنۇ كاۋابلارنى ۋە پېقىرنىڭ چىن سالىمىنى قوبۇل قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن. بۇلارنى كەمىنە ھالال

ئەمگەك تەرىمگە ئالغان. بۇنى قوبۇل قىلغان بولسىلا بېشىم كۆككە يەتكەن بولاتتى» دېدى. بوۋاي قوبۇل قىلدى ۋە شاگىرتلىرى بىلەن بىللە تائاملارغا ئېغىز تەگدى. سودىگەر ئۇنىڭدىن: «رۇخسەت قىلسىلا بىر نەرسىنى سورىۋالسام» دېگەنىدى، ئۇ «نېمىنى؟» دەپ سورىدى. سودىگەر: «باغدادتىكى شۇنچە بەگ ـ تۆرىلەر مەن ئۇچۇن ئوتتۇرىغا كىرىپ ئەمرگە ئىلتىماس قىلىشقاندىمۇ ھېچ نەرسىگە دال بولمىغان، بىر تىيىنمۇ بەرمىگەنىدى. ئۇ ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئىلىك ئالمىغان، ھەتتا قازىمۇ ئۇنىڭغا گېپىنى ئۆتكۈزەلمىگەنىدى. ئۇ قانداقلارچە سىلىنىڭ گەپلىرىنى كىچىك گۆدەك كەبى ئاڭلايدۇ؟ نېمە ۋەجىدىن سىلىنى شۇنچە ھۆرمەتلەيدۇ؟» دېدى. بوۋاي سودىگەردىن قايتىلاپ سورىدى: «ساھىبقىران بىلەن ئوتتۇرامدا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟»، سودىگەر بېشىنى چايقىۋىدى، ئۇ: «ئۇنداقتا سۆزۈمگە قۇلاق سال» دېدى.

ئۇ سۆز باشلىدى: بىلگىنىكى ناماز ۋاقىتلىرىدا مۇشۇ مەسچىتنىڭ مۇنارىغا چىقىپ ئەزان توۋلاۋاتقىنىمغا 30 يىلدىن ئاشتى. مېنىڭ ئەسلىي ھۈنىرىم تىككۈچىلىك بولۇپ، مەي ـ شاراب دېگەنگە يېقىن يولىمايتتىم. بۇزۇقچىلىق ۋە كەيپ ـ ساپا ئىشلىرىغا يېقىن كەلمەيتتىم. ھېچقانداق بىئەدەپلىكنىمۇ ھىمايە قىلماس ئىدىم. شۇ زامانلاردا مۇشۇ كوچىدا بىر تۈرك ئەمىرنىڭ سارىيى بولىدىغان. بىر كۈنى ئەسىر نامىزىدىن يېنىپ دۇكانغا كېلىۋاتسام ھېلىقى ئەمىر كەيپىلىكتە دەلدۈگۈنۈپ ئۇيان ـ بۇيانغا چايقالغىنىچە بىر ئايالنىڭ چۈمبىلىنى تارتقۇشلاپ ئۇششۇقلۇق قىلغىلى تۇردى. ھېلىقى ئايال بولسا يىغا ـ زار قىلىپ تېپچەكلىگىنىچە: «ئەي مۇسۇلمانلار، ياردەم قىلىڭلار،

مەن ئۇنداق ئايالLاردىن ئەمەس، مەن پۇستاننىڭ قىزى، پوكۇنىنىڭ مەھبۇبى بولىمەن. ئۆيۈم پالانى يەردە، ھەممىلا ئادەم مېنىڭ پاك ـ ديانەتلىك ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ. مۇنۇ تۈرك نىيىتىنى بۇزۇپ ماڭا يامان نىيەتتە بولۇۋاتىدۇ. مۇرەببىم تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا ئۆيدىن بىر قەدەم ئايرىلسام تالاق قىلىۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلغانىدى. ماڭا ياردەم قىلىڭلار!» دەپ توۋلاپ كەتتى. ئايال شۇنچە يىغلاپ ـ قاقشىسىمۇ بىرەرى ئارىغا چۈشۈشكە پېتىنالمىدى. چۈنكى بۇ ئەمىر تولىمۇ مۇتتەھەم ۋە دەھشەتلىك كىشى ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا بىر تۈمەن كىشلىك قوشۇن بولۇپ ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا چىش يېرىپ بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا بىر نەچچە ئېغىز قاتتىقراق گەپ قىلغان بولسامۇ پايدىسى بولمىدى. ئۇ پەقەتلا ھېلىقى ئايالنى ئۆز سارىيى تەرەپكە تارتقۇشلىغىلى تۇردى. ئەنە شۇ غەزەپلىك پەيتتە ئىمانىم مېنى ئۆز ئىختىيارىمدىن ئاجراتتى. مەن شۇ ئەتراپتىكى مۆتىۋەر مويسىپىتلارنى يىغىپ كېلىپ ئەمىرنىڭ ئۆيىگە باردىم ۋە ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ گۈرەن تومۇرلىرىمنى كۆپتۈرگىنىمچە: «مۇشۇ باغدادتا، خەلىپىنىڭ بوسۇغىسىدا ئايالLارنى كۆپكۈندۈزلا بولاپ كېتىپ بۇزۇقچىلىق قىلامسىلەر؟ ھېلىقى ئايالنى قويۇۋەتسەڭ قويۇۋەت، بولمىسا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا خەلىفە مۇئتەسىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرز قىلىمىز» دەپ توۋلىدىم. تۈرك ئەمىر غۇلام ـ مەھرەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەلدى ۋە قىلچە رەھىم قىلماستىن بىزنى دەسسەپ ـ چەيلىۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە قېچىپ كېتىشتۇق. خۇپتەندىن كېيىن كېچىلىك لىباسلىرىمنى كىيىپ

ياتتىم. ئەمما غەزەپتىن ئىچىم سىقىلىپ تۇن يېرىم بولغۇچىمۇ ئۇخلىيالمىدىم. ئۇشتۇمتۇت ئىنسانىي قەبىھلىكنىڭ ئاللىقاچان يۈز بېرىپ بولغىنى، مېنىڭ ھېچنېمىگە قۇربىمنىڭ يەتمىگەنلىكى يادىمغا كەلدى. تېخىمۇ چاتاق بولغىنى ھېلىقى ئايالنىڭ ئېرى ئايالى كېچىسى تالاغا چىقسا تالاق قىلىۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچكەنىدى. مەيخورلارنىڭ ئىچىپ غەرق كەيپ بولغاندا شۇ يەردىلا يېتىپ قالىدىغانلىقىنى، يېشىلگەندىن كېيىن بولسا ئاخشىمى نېمە ئىش قىلغانلىقىنى زىنهار بىلمەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا مەسچىت مۇنارىغا چىقىپ ئەزان ئوقۇشنى نىيەت قىلدىم. بۇنداق قىلسام ھېلىقى تۈرك ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تاڭ ئاتتى دەپ قالاتتى ۋە ھېلىقى ئايالنى قويۇۋېتەتتى. ئاندىن ئۇ ئايال جەزمەن مەسچىتنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى، مەن بولسام ئەزاننى تووۋلاپ بولۇپلا دەرھال پەسكە چۈشۈپ ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرسام ئايال كەلگەن ھامان ئۇنى ئېرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويالايتتىم. شۇنداق بولغاندا بۇ بىچارە مەزلۇم ئېرىدىن ئايرىلىپ قالمايتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۆز ئويۇم بويىچە ئىش قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. مەن مۇنارغا چىقىپ پۈتۈن ئاۋازىم بىلەن ئەزان ئوقۇغان ۋاقىتتا ساھىبقىران مۇئتەسىم ھەزرەتلىرى تېخى ياتمىغانىكەن. ئۇ بۇنداق نامۇۋاپىق ۋاقىتتا ئېيتىلغان ئەزاننى ئاڭلاپ: «بۇنداق تۈن يېرىمدا ئەزان ئېيتقىنىدىن قارىغاندا شۇبھىسىزكى، ئۇ بىر بەتنىيەت ئىنسان، ئەزاننى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم تاڭ يورۇغان ئوخشايدۇ، دەپ كوچىغا چىقىپ قالسا ئۇدۇللا پاششاپلارنىڭ قولىغا چۈشمەمدۇ؟» دەپ قاتتىق كايىپ كېتىپتۇ ۋە دەرھال مۇلازىملىرىغا: «بېرىپ قاراۋۇللارغا ئېيتىڭلار،

نامۇۋاپىق ۋاقىتتا ئەزان توۋلىغان ئاشۇ بەتنىيەتنى پۈت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئېلىپ كېلىشىسۇن. مەن ئۇنىڭغا شۇنداق قاتتىق جازا بېرەيكى، ھېچقانداق كىشى بۇنداق نامۇۋاپىق ۋاقىتتا ئەزان توۋلىمايدىغان بولسۇن!» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. مەن مەسچىت دەرۋازىسى ئالدىدا ھېلىقى ئايال چىقىپ قالارمىكىن، دەپ تۇرسام ئۇشتۇمتۇتلا مەشئەل كۆتۈرۈۋالغان قاراۋۇللار ئالدىمدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالدى ۋە «ھازىر ئەزان ئېيتقان سەنمۇ؟» دەپ سوراشتى. «شۇنداق» دېسەم ئۇلار: «نېمىدەپ مۇشۇنداق نامۇۋاپىق پەيتتە ئەزان توۋلىدىڭ؟ خەلپە تولىمۇ غەزەپلەندى ۋە سېنى تۇتۇپ كېلىشكە بىزنى ئەۋەتتى. ئەمدى ئۆز ئۇۋالىڭ ئۆزۈڭگە» دېيىشتى. مەن قاراۋۇلغا: «ئەمرىڭ قۇللۇق تەقسىر، ئەمما بىر بەدەۋى مەخلۇق مېنى مۇشۇنداق بىئەپ ۋاقىتتا ئەزان توۋلاشقا مەجبۇر قىلدى» دېسەم، ئۇ مەندىن: «قانداق بەدەۋى مەخلۇق ھەققىدە سۆزلەۋاتىسەن؟» دەپ سورىدى. مەن جاۋابەن: «ئۇ شۇنداق بىر مەخلۇقكى، نە تەڭرىدىن نە خەلپىدىن قورقمايدۇ» دېدىم. ئۇ مەندىن: «سەن زادى كىمنى دېمەكچى؟» دەپ سورىدى. مەن: «بۇنى ساھىبقىراننىڭ ئۆزىگىلا ئېيتىمەن. ئەگەر مېنىڭ قىلمىشىم يامانلىقنى كۆزلىگەن بولسا خەلپە ماڭا قانداقلىكى جازا بەرسە بولۇۋېرىدۇ» دېدىم. ئۇ ماڭا قاراپ: «تەڭرىنىڭ نامىدىن قەسەم قىلىمەنكى تېزرەك ماڭغىن. مەن سېنى خەلپە ئوردىسىغا ئېلىپ باراي» دېدى.

ئوردىغا بېرىپ قارىسام مەھرەم ـ غۇلاملار كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ. ھېلىقى قاراۋۇل ئېيتقانلىرىمنى مەھرەم بېشىغا سۆزلەپ بېرىۋىدى، ئۇ ئىچگە كىرىپ مۇئەتتەسىمگە ئېيتتى. مۇئەتتەسىم:

«ئۇنى ئېلىپ كىر» دېگەن چېغى، مەھرەم مېنى ئىچكىرىگە باشلاپ كىردى. خەلىپە مەندىن ئەزاننىڭ ۋەجىنى سورىۋىدى، ھېلىقى تۈرك ئەمىر بىلەن ئايال ھەققىدىكى ئىشلارنى تەپسىلىي بايان قىلدىم. خەلىپە بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاراۋۇلغا مۇنداق دېدى: «دەرھال يۈز نۆكەرنى باشلاپ پالانى ئەمىرنىڭ ئۆيىگە بار ۋە خەلىپە چاقىرىدۇ، دەپ ئېيت. ئۇنى تاپقاندىن كېيىن تونۇگۇن ئۆيگە ئاپىرىۋالغان ھېلىقى ئايالنى قۇتۇلدۇرۇڭلار ۋە مۇنۇ بوۋايغا ئىككى ـ ئۈچ چاكارنى قوشۇپ ئېرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇڭلار. ئېرىنى ئىشىك تۈۋىگە چاقىرىپ خەلىپە مۇئتەسىمنىڭ سالام ئېيتقىنىنى دەڭلا ۋە ئايال ئۈچۈن ئارىغا چۈشۈپ ئىككى ئېغىز ياخشى سۆز قىلىپ قويۇڭلار. شۇنداقلا بۈگۈنكى ئىشتا ئۇنىڭدا ھېچقانداق سەۋەنلىك كۆرۈلمىگەنلىكىنى ئېيتىڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئايالغا تېخىمۇ ياخشى مۇئامىلىدە بولسۇن. شۇ ئىشلارنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ھېلىقى ئەمىرنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار. » ئاندىن خەلىپە ماڭا قاراپ: «بۇ يەردە بىردەم تۇرۇپ تۇرغىن» دېدى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە ئۇلار ھېلىقى ئەمىرنى مۇئتەسىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. مۇئتەسىم ئۇنىڭغا بىگىزدەك تىكىلىپ تۇرۇپ: «سەن قانداقلارچە مېنى ئىمانى سۇس كۆرۈپ قالدىڭ؟ مېنىڭ رەئىيەتنى ئانىي تاپقانلىقىمنى كۆرگەنمىدىڭ؟ شاھ بولۇپ تۇرغىنىمدا دىنغا مۇخالىپ ئىش قىلغانلىقىمنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ ئەجەبا رۇملۇقلار نەزەربەند قىلغان مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزغانىدىمغۇ؟ باغدادقا قوشۇن تارتىپ رۇم قوشۇنلىرىنى يېڭىپ پادىشاھ قەيسەرنى قوغلىۋەتتىمغۇ؟ رۇملۇقلارنىڭ زېمىنىنى ئالتە يىل پايخان قىلىپ ۋە پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈۋالغانىدىمغۇ؟ چوڭ خانىقا ـ

مەسچىتلەرنى سىلىپ ھىلىقى كىشىلەرنى زىندانىدىن نىجاتلىقتا ئەپچىقىپ ئاندىن ئوردامغا قايتقانىدىمغۇ. ئەمدىلىكتىمە سىەن يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ باغدادتا، بۇرنۇمنىڭ تۈۋىدە بىر ئايالنى زورلاپ يامان نىيەتتە ئۆيۈڭگە ئاپىرىۋاپسەن. كىشىلەر سىنى يامانلىقتىن توسۇسا ئۇلارنى كالتەكلەپسەن» دېدى. ئاندىن ئەمىرنى بىر تاغارغا سولاپ ئاغزىنى چىڭ بوغۇشنى بۇيرۇدى. ئاندىن لاي ئېتىدىغان ئىككى باھادىرنى ئەكەلدۈرۈپ ئىككى مەھرەمگە ئىككى تەرەپتىن خالتىدىكى ئەمىرنى ئۇرۇپ مىجىقىنى چىقىرىۋېتىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار خەلىپىنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈپ: «ئەي ساھىبقىران! ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى. يەنە قانداق تاپشۇرۇقلىرى بار؟» دەپ سوراشتى. خەلىپە ئۇلارغا ئاغزى تېخىچە چىڭ چىگىكلىك تۇرغان خالتىنى شۇ پېتى دەجلە دەرياسىغا تاشلاشنى بۇيرۇدى.

ئاندىن ئۇ ماڭا قاراپ: «ئەي شەيخ، بىلگىنىكى، تەڭرىدىن قورقمىغان كىشى مەندىنمۇ قورقمايدۇ. تەڭرىدىن قورقىدىغان كىشى بولسا، ئىككى دۇنيالىقنى يوق قىلغۇسى ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايدۇ. بۇ ئەمىر جىنايەت ئۆتكۈزدى. شۇڭا تېگىشلىك جازاسىنى تارتتى. ساڭا شۇنداق بۇيرۇق قىلىمەنكى، بۈگۈندىن ئېتىبارەن باشقىلارغا ئازار بەرگەن، شەرىئەت يوسۇنلىرىنى كۆزگە ئىلمىغان ھەرقانداق كىشىنى كۆرسەڭ بۇگۈن كېچە قىلغىنىڭغا ئوخشاش نامۇۋاپىق ۋاقىتتا ئەزان توۋلا. مەن ئەزان توۋلىغىنىڭنى ئاڭلىغان ھامان سېنى چاقىرتىپ نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىمەن. ئاندىن مۇنۇ ئىتنى قانداق جازالىغان بولسام ئۇنىمۇ شۇنداق جازالايمەن. مەيلى ئۇ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىم بولغان تەقدىردىمۇ ئاياپ ئولتۇرمايمەن» دېدى. گېپىنى تۈگىتىپ

ماڭا ئۆز سوۋغىسىنى بەردى ۋە قايتىشىمغا ئىجازەت قىلدى. ئەمدى بولسا ھەرقانداق بەگ ـ تۆرىلەر بۇ ئىشنى بىلىدۇ. شۇڭا ھېلىقى ئەمىرنىڭ پۇلۇڭنى ساڭا قايتۇرۇشى قانداقتۇر مېنى ھۆرمەتلىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ھېلىقى تاغاردىن، لاي ئېتىدىغان باھادىردىن ۋە دەجلە دەرياسىدىن قورققانلىقىدىندۇر. چۈنكى ئۇ پۇلنى قايتۇرۇشنى رەت قىلسا مەن مۇنارغا چىقىپ ئەزان توۋلايتتىم. نەتىجىدە ھېلىقى ئەمىرنىڭ بېشىغا ئالدىنقى تۆرك ئەمىرنىڭ بېشىغا كەلگەندەك بالا كېلەتتى.

— ۋوي قىزىم، ئۇخلاپ قالغاندۇر دېسەم، تېخىچە كۆزىڭىزنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇۋېسىزغۇ.

— سودىگەر پۇلىنى ئالالامدۇ ـ يوق دەپ ئاڭلاپ ئولتۇردۇم، دادا.

— بۇ ھېكايىدىن نېمىنى ھېس قىلدىڭىز؟

— بۇ ھېكايىدىن ياۋاشلارنى بوزەك قىلغانلارنىڭ ھامىنى بىر كۈنى جازاسىنى تارتىدىغانلىقىنى.

— باركاللا قىزىم. ئەمدى ئۇخلامسىز؟

— ياق، يەنە بىرنى ئېيتىپ بېرىڭ.

قىزىمنىڭ جاھىللىقىنى بىلگەچكە، «سىياسەتنامە» دىكى چالا ئىش قىلىشنىڭ زىيىنى توغرىسىدىكى بىر قىسقا ھېكمەتنى ئېيتىشقا باشلىدىم.

ئەمىسە ئاڭلاڭ، قىزىم، ئالدىراقسانلىق ۋە چالا ئىش قىلىشنىڭ زىيىنى توغرىسىدىكى بىر ھېكمەتنى ئېيتىپ بېرەي.

ھىراتتا ئابدۇراخمان ئىسىملىك بىر ئۆلىما زات بار بولۇپ، ئۆزگە تۇشلۇق ئابرۇي ساھىبى ئىدى. ئۇنىڭ كۈنلىرى ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغان بولۇپ، جاھان غوۋغالىرىدىن ئۆزىنى

يىراق تۇتۇپ، پەرھىزكارلىق بىلەن ئۆتەر ئىدى. ئۇنى بىكىرەك دېگەن زات «مەلىكۇل جاھان» غا تەۋسىيە قىلغانىدى. سۇلتان مەلىكۇل جاھان ئۇنى ئىززەتلەپ ئىسىل ساراي بىلەن مۇكاپاتلىغان ۋە ھەردەم ئۇنىڭ ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىنى قىلغان. شۇ زاماندا ئابدۇراخمان خال ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ، ئۇمۇ سۇلتانىنىڭ ئىززەتلىشىگە ئېرىشكەن. ئەمما ئۇ ئۆلىما ئابدۇراخمانىنىڭ ھەشەمەتلىك سارايغا ئىگە بولغىنىغا ھەسەت قىلىدىكەن. شۇڭا بىر كۈنى ئابدۇراخمان خال سۇلتان بىلەن يالغۇز سىر ـ ئەسرار بولۇشۇۋاتقاندا سۇلتانغا: «بۇ ئۆلىما ئابدۇراخمان دېگەن بوۋاي بىلەن ئۆتكەندە بىللە ئىدۇق. ئۇنىڭ يارىماس بىر ئىشنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ سىلى ئىنئام قىلغان سارايدا بىر ھۇجرىسى بار ئىكەن. ئاڭلىسام ئۇ كېچىچە ئىبادەت قىلىپ چىقارمىش. بۈگۈن ئاشۇ ئۆيىنى ئېچىپ قارىسام بىر كۈپ مەي ۋە بىر مىس بۇتىنى كۆردۈم. شۈبھىسىزكى، ئۇ كېچىچە مەي ئىچىپ، مۇشۇ بۇتىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدىكەن» دېدى ۋە مەي كومزىكى بىلەن مىس بۇتنى ئېلىپ كەلدى. ئابدۇراخمان خال ئەسلىدە «مۇشۇ ئىشنى ئېيتسام سۇلتان ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. سۇلتان ياساۋۇلدىن بىرنى بوۋاينى چاقىرىشقا ئەۋەتتى. يەنە بۇ ئۆلىما بوۋاينى چاقىرىپ كېلىشكە ئەمر قىلىپ ماڭا بىر ياساۋۇلنى ئەۋەتتى. سۇلتانىنىڭ نېمە ۋەجىدىن ئۇنى چاقىرتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدىم. ئەمما بىر ئاش پىشىم ئۆتە ـ ئۆتمەيلا يەنە بىر ئەلچى كېلىپ: «چاقىرتمىساڭلارمۇ بولىدۇ» دېگەن بۇيرۇقنى يەتكۈزدى.

ئەتىسى سۇلتاندىن: «تۈنۈگۈن ھېلىقى ئۆلىمانى چاقىرتىشنى ئېيتىپلا، ئارقىدىنلا چاقىرتمايدىغان بولۇپ قاپتىلا،

بۇنىڭ ۋەجى نېمىكىن؟» دەپ سورىدىم. سۇلتان: «ھېلىقى ئابدۇراخمان خال تولىمۇ نائەھلى كىشى ئىكەن» دېدى، ئارقىدىن بولغان ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلدى. ئۇ ئالدىنقى كۈنى ئابدۇراخمان خالنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئېيتقانلىرىڭنىڭ قانداق ۋەقە بولۇشىدىن ۋە مەي كومزىكى بىلەن مىس بۇتنى ئېلىپ كېلىپ كۆرسەتكەنلىكىڭدىن قەتئىينەزەر ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ ھۆكۈم چىقارمايمەن. شۇڭا قولۇڭنى سۇنۇپ تۇرۇپ ئېيتقانلىرىڭنىڭ بەرھەق راست ئىكەنلىكىگە جېنىڭ بىلەن قەسەم قىل» دېگەنىكەن، ئابدۇراخمان خال يالغان ئېيتقانلىقىنى تەن ئاپتۇ. سۇلتان: «ئەي مۇرتەد، نېمە ۋەجىدىن بۇ زاتى ئۆلىماغا بوھتان چاپلاپ ئۇنىڭ جېنىغا قەست قىلىسەن؟» دەپ سورىسا ئۇ: «ئۇنىڭ سەن ئىنئام قىلغان كاتتا تۇرالغۇسىنى كۆزلەۋاتقانىدىم، ئۇنى كاللىسىدىن جۇدا قىلسا تۇرالغۇسىنى ماڭا ئىنئام قىلىپ بېرەمدىكىن دەپ ئويلاپتىمەن» دەپتۇ.

بۇ قىسقا ھېكايىنى ئېيتىپ بولۇپ قىزىمغا قارىسام، ئۇ يەنە يېنىك پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەتتەڭ، يەنە سوئال سورىيالمىدىم.

ئەتىسى يەنە چۆچەك باشلاندى.

سۇلتان مەھمۇد ئىراق دىيارىنى پەتھ قىلغاندا قاراقچىلارنىڭ دىرجىس دېگەن جايدا كارۋانلار بىلەن بىللە كېتىۋاتقان بىر مەزلۇمنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ھېكايىلەر تارقالدى. بۇ قاراقچىلار كۈچ بالۇچتىن كەلگەن بولۇپ، بۇ جاي ھازىر كىرمان ئۆلكىسىنىڭ تەسەررۇپىدا. ھېلىقى ئايال سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھۇزۇرىغا شىكايەتكە باردى ۋە

مۇنداق دېدى: «دىرجىستا قاراقچىلار بار ـ يوقۇمنى بۇلىۋالىدى. ئۇلاردىن ئۆزۈمگە تەۋە بولغان تەئەللۇقاتىمنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بەرگىن. بۇنىڭغا ئىلاج قىلالمىساڭ يېتكەن مېلىمنىڭ ئورنىغا پۇل ـ پۇچەك بېرىشىڭنى سورايمەن. » سۇلتان مەھمۇد سورىدى: «دىرجىس دېگەن قەيەر؟» ھېلىقى ئايال ئېيتتى: «بۇ جاي ھازىر سىنىڭ ئىلكىڭدىكى زېمىنلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. شۇنداق بولغانىكەن، سەن ئۇلارنى قاتتىق جازالىغىن.» سۇلتان ئېيتتى: «ئۇ جاي بەكلا يىراقتىكى ئۆلكىدىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭ ئىلكىمدىكى پادىشاھلىققا تەۋە ئەمەس ئىكەن. شۇڭا ئۇلارغا مېنىڭ ئىلاجىم يوق» دېدى. ھېلىقى ئايال: «سەن شاھىم ئەجەبا ئۆز يېرىڭنىمۇ باشقۇرالمايدىغان يارىماس ھۆكۈمدارلاردىن سانىلارسەنمۇ؟ ئەگەر سەن قوي پادىسىنى بۆرىنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدىيالمىساڭ قانداقمۇ چوپاندار بولالايسەن؟ قارا، مەن توخۇنى يۇڭدىغۇدەكمۇ كۈچى يوق يېگانە مەزلۇمەمەن. سەن بولساڭ زور قوشۇنغا ئىگە ھوقۇقلۇق پادىشاھسەن» دېدى. سۇلتان كۆزىگە ياش ئېلىپ: «سەن مېنى سەگىتتىڭ، سۆزلىرىڭ ئورۇنلۇق. مەن سېنىڭ زىيىنىڭنى تۆلەپ بېرەي، بۇ ئىشنى راۋۇرۇس جۆندەي» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن سۇلتان خەزىنىدىن ھېلىقى ئايالغا بىر ئاز كۈمۈش تەڭگە ئېلىپ بەردى ھەمدە كىرمانىنىڭ ئەمرى بولغان ئەبۇ ئەلى ئىلياسقا بىر پارچە مەكتۇپ يوللىدى. مەكتۇپتا مۇنداق مەزمۇنلار بار ئىدى: «ئۇشبۇ پەيتتە كۈچ بالۇچتىن كەلگەن قاراقچىلارنىڭ دىرجىستا يول توسۇپ بۇلاڭ ـ تالاڭ بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئەخبارلار كېلىشكە باشلىدى. ئۈمىدىم شۇكى، دەرھال ئۇلارنى بەند قىلىپ مال ـ مۈلكىنى

قايتۇرۇۋالغىن. ئاندىن ئۇلارنى دارغا ئاسساڭمۇ ئىختىيارىڭ. بۇ ئىشلارنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۇلارنى ۋە ئوغرىلانغان ھارام ماللارنى قورۇقداپ رەي ئەمرىگە ئېلىپ كەلگىن. ئۇلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن، ئىككىنچىلەپ كىرمان تەۋەسىدىن ماڭا قاراشلىق ئۆلكىلەرگە كېلىپ يول توسار قاراقچى بولۇشقا پېتىنالمايدىغان بولسۇن. ئۇنداق قىلالمىساڭ كىرماننىڭ سومىناتتىن ئانچە يىراق ئەمەسلىكىنى بىلىسەنغۇ، مېنىڭ قوشۇنۇم ئۇچۇن بۇنچىلىك مۇساپە ھېچگەپ ئەمەس. »

يالۋاچ بۇ مەكتۇپنى ئەبۇ ئەلى ئىلياسنىڭ قولىغا يەتكۈزگەندىن كېيىن ئەبۇ ئەلى قوقاستا ئولتۇرۇۋالغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ يالۋاچنى ھەشەم بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە تۈرلۈك گۆھەر ـ ياقۇت، دېڭىز مەرۋايىتلىرى ۋە بىر خالتا ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىقلارنى سوۋغات سۈپىتىدە سۇلتان مەھمۇدقا ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ ئىتائەتتە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جاۋاب مەكتۇپىغا مۇنۇ مەزمۇنلارنى يازدى: «مەن سېنىڭ ئەرزىمەس قۇلۇڭمەن. ئەپسۇسكى، كەرەملىك پادىشاھ ئۆز پۇقرالىرىڭنىڭ ئىشلىرىنى ۋە كىرمان ئۆلكىسىدىكى ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى بىلمەيدىغان ئوخشايسەن. كىرماندىكىلەرنىڭ ھەممىسى سۈننىيلەر بولۇپ، ياۋاش ـ يۇمشاقلىق بىلەن ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەردۇر. كۈچ بالۇچ تاغلىرى ئۇ جاينى كىرماندىن ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۇ جاينىڭ يوللىرى خەتەرلىك، مېڭىش قىيىن. ئۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئوغرىلىق ۋە قاراقچىلىق بىلەن جان باقىدۇ. ئۇلار 200 فەرساخ دائىرىسىدىكى ئادەملەرنى ئەنسىزلىككە چۈشۈرۈپ قويغان بولۇپ، مېنىمۇ بوزەك قىلغانىدى. ئاندىن قالسا ئۇلارنىڭ سانى ناھايىتى

كۆپ. مېنىڭ ئۇلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچۈم يوق. سۇلتانۇل جاھان ـ قۇدرەت ساھىبى، جاھاندا سەنلا ئۇلارغا تېتىيالايسەن. مەن بىلىمەنكى مەھكەم باغلاپ سېنىڭ ھەرقانداق بۇيرۇقۇڭغا تەييار تۇرماقتىمەن.»

سۇلتان مەھمۇد ئەبۇ ئەلى ئىلياستىن يۇقىرىقىدەك جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى. ئۇ سوۋغا بىلەن بىر چاپارمەنىنى ئەبۇ ئەلى ئىلياس ھۇزۇرىغا يالۋاچلىققا ئەۋەتتى ۋە مۇنداق دېدى: «پۈتۈن كىرمان قوشۇنىنى يىغقىن، پالانى ئاينىڭ بېشىدا سەپراس بولغان قوشۇنۇڭنى باشلاپ كۈچ ـ بالۇچ چېگراسىدا يارلىقىمنى ساقلا. مەن ئەۋەتكەن يالۋاچ نام ـ نىشان بىلەن يېتىپ بارغاندا كۈچ بالۇچ ئۆلكىسىگە دەرھال ئىچكىرىلەپ كىرگىن، كۆزۈڭگە چېلىققانلىكى قاۋۇل ئەركەكلەرنى قەتلىئام قىلىپ مېڭىۋەر. ھەرگىزمۇ باغرى يۇمشاقلىق قىلما. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە قېرى ـ چۆرىلىرىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى غەنىيمەت ئېلىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەل. مەن ئۇ نەرسىلەرنى مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالغان يولچى كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىمەن. سەن ئۇلار بىلەن مەۋجۇت مەسىلىلەرنى تىنچ تۈگىتىدىغان بىرەر بىتىم ـ كېلىشىم تۈزگەندىن كېيىن قايتقىن.»

ئۇ ئەبۇ ئەلى ئاياسىنىڭ ھۇزۇرىغا يالۋاچنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن يەزد ۋە كىرمانغا بارماقچى بولغان سودىگەرلەرنىڭ ئۆز تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈشىنى، ماللىرىنى تېخىمۇ تەق بولۇپ تۇرۇشىنى، بۇ كارۋاننى ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئارقىلىق قوغدايدىغانلىقىنى، كۈچ بالۇچ قاراقچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قالسا تارتقان زىيىنىنى ئۇردا

خەزىنىسىدىن تۆلەپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بىر پارچە پەرمان جاكارلىدى.

بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن يېقىن ئەتراپتىكى سانسىزلىغان سودىگەرلەر رەي شەھرىگە توپلاندى. بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە سۇلتان مەھمۇد بىر ئەمرىنىڭ ئىختىيارىغا 150 نۆكەرنى بەلگىلەپ كارۋانلارنى قورۇقداشنى تاپشۇردى ۋە ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «خاتىرجەم مېڭىڭلار، سىلەر يولغا چىققاندىن كېيىن يەنە قوشۇن ئەۋەتىمەن.» قورۇقچى ئەسكەرلەر يولغا چىققاندىن كېيىن سۇلتان قوشۇنغا مەسئۇل ئەمىرنى چاقىرتىپ كىچىك قۇتىدىكى بىر شىشە زەھەرنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئىسپاھانغا بارغاندا ئون كۈن توختاڭلار. شۇنداق قىلساڭلار ئۇ جايدىكى سودىگەرلەر سەپەر ھازىرلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ كارۋىنىڭلارغا قوشۇلىدۇ. مۇشۇ ئارىلىقتا ئون سۆكەن ئىسپاھان ئالمىسى ئالغىن ۋە ئۇنى ئون تۆگىگە ئارتقىن. ئىسپاھاندىن ماڭغىنىڭدا ئالما ئارتىلغان تۆگىلەرنى كارۋانلارنىڭ تۆگىلىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋەت ۋە قونالغۇ قىلىنىدىغان راباتقا قاراپ مېڭىۋەر. راباتقا بارغاننىڭ ئەتىسى قاراقچىلارغا ئۇچرايسىلەر. شۇڭا راباتقا بارغان كۈنى ئاخشىمى ئالمىلارنىڭ ھەممىسىنى چېدىرىڭغا ئەكىرگۈزگىن. ئاندىن ھەربىر ئالمىغا بىگىز سانجىپ يىڭنىدىن تومراق ئۇچلانغان چۆپنى زەھەر سۈرۈپ ئالمىلارنىڭ ئىچىگە كىرگۈزگىن. مۇشۇ تەرىقىدە پۈتۈن ئالمىلارغا زەھەر سىلىپ بولغاندىن كېيىن سۆكەنگە ئەسلىدىكىدەك قاچىلاپ قويۇڭلار. ئەتىسى ئالما ئارتىلغان تۆگىلەرنى كارۋان تۆگىلىرى ئارىسىغا قوشۇۋېتىڭلار ۋە يولۇڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار. قاراقچىلار پەيدا بولۇپ كارۋىنىڭلارغا ھۇجۇم قىلغاندا ئۇلار بىلەن ئېلىشماڭلار،

چۈنكى ئۇلار سىلەردىن كۆپ. مەيلى ئۇلارنىڭ قولىدا قورال ـ ياراغ بولسۇن ـ بولمىسۇن ياكى ئۇلار ئاتلىق ياكى پىيادە بولسۇن نۆكەرلىرىڭلارنى باشلاپ ئارقاڭغا قاچ. يىرىم فەرسەخ نېرىسىغا بارغاندىن كېيىن پۇرسەت كۈتۈڭلار. قاراقچىلار ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىۋەرسۇن. شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ تولىسى ئالما يەپ ئۆلىدۇ. شۇچاغدا سەن شەمشىرىڭنى سۇغۇرۇپ قالغان قاراقچىلارنى ئۆلتۈرگىن. قاچقاننى قوغلاپ بېرىپ چاپ، ئۇلارنى قانچە كۆپ ئۆلتۈرسەڭ شۇنچە ياخشى. قەتلىئام تۈگىگەندىن كېيىن يارامىلىق ئون چەۋەندازدىن مۆھۈر ئۈزۈكۈمنى ئەبۇ ئەلى ئىلياسقا ئەۋەتكىن. ئۇنىڭغا كۈچ بالۇچتىكى ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىپ بەر ۋە قوشۇننى باشلاپ ئاتلىنىشقا بۇيرۇق بەر. ئۇ ئىلگىرى تاپشۇرۇۋالغان يارلىق بويىچە ئاشۇ ئۆلكىگە ھۇجۇم قىلسۇن. چۈنكى بۇ چاغدا ئۇ ئۆلكىدە قاراقچىلار قالمىغان بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كارۋان كىرمان شەھىرىگە كىرسۇن. مۇمكىن بولسا ئەبۇ ئەلى بىلەن قوشۇلۇڭلار.»

ھېلىقى ئەمىر ئېيتتى: «ئەمرىڭ قۇللۇق، پاسىبانىم، شاھ ئالىيلىرىنىڭ ياردىمى بۇ قېتىم ئۈتۈق قازىنىدىغانلىقىمىزنى، مۇسۇلمانلارنىڭ توسقۇنسىز يۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى يۈرىكىم تۇيۇپ تۇرىدۇ.» شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سۇلتان مەھمۇد بىلەن خوشلىشىپ سودا كارۋىنىنى باشلاپ ئىسپاھانغا يېتىپ كەلدى. بۇ شەھەردە ئون تۆگىگە ئالما ئارتىپ كىرمانغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ چاغدا قاراقچىلارنىڭ ئايغاقچىلىرى ئىسپاھاندىن يولغا چىققان بۇ كارۋاننىڭ نەچچە مىڭ تۇياق مال، كۆپلىگەن قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئېلىپ ماڭغىنىنى، بۇلارنىڭ قانچىلىك پۇلغا يارايدىغانلىقى بىر ئاللانىڭ

ئۆزىگە مەلۇم ئىكەنلىكى، مۇشۇنداق باي كارۋاننىڭ تېخى ئۆتكەن مىڭ يىلدىمۇ كۆرۈلمىگەنلىكىنى، ئەمما ئۇلارنى ئارانلا 150 تۇرك نۆكىرىنىڭ قوغداپ كېتىۋاتقانلىقىنى يەتكۈزۈشتى. قاراقچىلار قاتتىق خۇشال بولۇپ، كۈچ بالۇچتىكى بارلىق قاۋۇل ياشلارنى ۋە قاراقچىلارنى توپلاپ، تولۇق قوراللانغان 4000 كىشىلىك قوشۇن بولۇپ يول بويىغا مۆكۈنگىنىچە سودىگەرلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتتى.

ئەمىر باشلىغان كاۋان بىر راباتقا كەلگەندە رابات مەمۇرلىرى: «نەچچە مىڭ قاراقچى ماڭار يولۇڭلارنى توسۇپ يېتىۋېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ كۈتۈۋاتقىنىغا بىر نەچچە كۈن بولغان ئوخشايدۇ» دېگەن ئاخباراتنى يەتكۈزدى. ئەمىر قاراقچىلارنىڭ راباتتىن قانچە فەرسەخ يىراقلىقتا ئىكەنلىكىنى سورىۋىدى، ئۇلار بۇنىڭ بەش فەرسەخلىك مەنزىل ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. سودىگەرلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىزتىراپقا چۈشكىنىدىن پۈتى كۆيگەن توخۇلاردەكلا بولۇپ قالدى. شۇ كۈنى كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا ئەمىر كارۋان بېشى ۋە باشقا خادىملارنى يىغىپ مەجلىس ئاچتى ۋە ئۇلارغا تەسەللى بەردى. ئۇ سورىدى: «قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، جان بىلەن مال ـ دۇنيانىڭ قايسىسى ئەزىز؟» ئۇلارنىڭ ھەممىسى «جان ئەزىز» دېدى. ئەمىر: « ھەممىڭلار باي ئۆتكەن كىشىلەر، سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلاردىن بىز شېھىتلىك شارابىنى ئىچىشكە تەييارمىز. ئەمما قورقۇنچ بىزدىن تولىمۇ يىراقتا. نېمە ۋەجىدىن قايتا تېپىۋالغىلى بولىدىغان بايلىقىڭلار ئۈچۈن مۇنچىۋالا قايغۇرىسىلەر؟ سۇلتان مەھمۇد بىزنى بۇ يەرگە مەقسەت ـ مۇددىئا بىلەن ئەۋەتتى. ئۇ ھېچ نەرسىدىن ھېچ نەرسە يوقلا بىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ خىيالى بۇ قاراقچىلارنىڭ قولىدىن ئۇلار

دىرجىستا بىر قېرى مەزلۇمنىڭ قولىدىن بۇلىۋالغان مال ـ دۇنيانى قايتۇرۇۋېلىش. سىلەر ھېلىھەم سۇلتان قاراقچىلارنىڭ سىلەرنى بۇلىشىغا قاراپ تۇرىدۇ، دەپ ئويلامسىلەر؟ جاسارەت تۇلپارلىرىڭلارنى چاپتۇرۇڭلار! سۇلتان مەھمۇد ھەرگىزمۇ سىلەرنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. راستىنى ئېيتسام ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن چارە ـ تەدبىرلىرىنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن. ئەتە كۈن چىققاندا سۇلتاننىڭ ئۆزى مۇشۇ يەرگە كېلىدۇ. ئاللا خالىسا ھەممە ئىشىمىز ئوڭغا تارتىدۇ. ئەمما سىلەر جەزمەن مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ رىزقى ئۆزۈڭلارنىڭ قولىدا.»

سودىگەرلەر ئەمىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەدەنلىرىگە قايتىدىن جان كىردى. ئۇلار: «دېگىنىڭدەك قىلىشىمىزغا قىل سىغمايدۇ» دېيىشتى. ئەمىر: «ئاراڭلاردىكى قورالى بار ۋە جەڭ قىلالايدىغانلار بۇ ياققا كېلىڭلار» دېدى. ئۇلار بىر چەتكە تىزىلغاندا ئەمىر ئۇلارنىڭ سانىنى ئېلىپ كۆردى. قاراپ باقسا ئۆزىنىڭ نۆكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي 370 ئادەم بوپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە پىيادىلەرمۇ بار ئىدى. ئەمىر ئۇلارغا: «بۈگۈن كەچتە يولغا چىقىمىز. ئاتلىقلار ماڭا ئەگىشىپ كارۋاننىڭ ئالدىغا ئۆتىسىلەر، پىيادىلەر ئارقىدا ماڭىسىلەر. بۇ قاراقچىلارنىڭ ئادىتى شۇكى، ئۇلار مال ـ بايلىقنىلا بۇلايدۇ. ئادەمگە زەخىم يەتكۈزمەيدۇ. پەقەت سىلەر قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەندىلا ئاندىن ئادەم ئۆلتۈرىدۇ. ئەتە كۈن ئىككى ئوق ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلگەندە ئۇلارغا دۇچ كېلىمىز. ئۇلار كارۋانغا ھۇجۇم باشلىغاندا مەن ئۆرۈلۈپلا قاچىمەن. سىلەر مېنىڭ قاچقىنىمنى كۆرگەن ھامان دەرھال قېچىڭلار. بىرەر فەرسەخ نېرىغا بارغاندىن كېيىن مەن سىلەرگە سوقۇشۇشقا بەلگە بېرىمەن

ۋە سىلەرگە قوشۇلىمەن. بىرەر ئاش پىشىمى كۈتكەندىن كېيىن ئارقىمىزغا قايتىپ قاراقچىلارغا چاقماقتەك تاشلىنىمىز. شۇ چاغدا سىلەر شۇنداق بىر مۆجىزىنى كۆرىسىلەركى، ئەقلىڭلار ھەيرانۇ ھەس بولغۇسى. بۇ ماڭا ئالدىن يەتكۈزۈلگەن. مەن يەنە سىلەر بىلمەيدىغان ئىشلارنىمۇ بىلىمەن. ئاللا خالىسا ئەتە ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرىسىلەر. سۇلتان مەھمۇدنىڭ دانالىقىغا، ئېيتقانلىرىمنىڭ تامامەن راستلىقىغا چىنپۈتىسىلەر» دېدى. ھەممەيلەن پەرمانبەردارلىق بىلدۈرۈپ تارقىلىشتى.

تۈن پەردىسى يېپىلغاندا ئەمىر ئالما سۆكەنلىرىنى يەشكۈزۈپ ئالمىلارنىڭ ھەممىسىگە زەھەر سالدى ۋە سۆكەنگە قايتا قاچىلىدى. ئۇ بەش نۆكەرنى ئۈن تۆگىلىك ئالمىغا قاراشقا قويدى ۋە ئۇلارغا: «بىز قاچقىنىمىزدا قاراقچىلار كارۋانغا تاشلىنىپ مال تېڭىقلىرىنى يەشكىلى تۇرىدۇ. شۇ چاغدا سىلەر ئالما سۆكەنلىرىنىڭ ئارقانلىرىنى كېسىپ تاشلاپ سۆكەنلەرنىڭ قاپقاقلىرىنى ئېلىۋېتىڭلار ۋە ئالمىلارنى يەرگە تۆكۈڭلار. ئاندىن دەرھال قېچىڭلار» دېدى.

ئەمىر تۈن يېرىمدا يولغا ئاتلىنىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈپ كۈن چىققۇچە ماڭدى. قاراقچىلار ئۈچ تەرەپتىن پەيدا بولۇپ يالىڭاچ قىلىچلىرىنى شىلتىغىنىچە كارۋانغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ئەمىر ئانچە - مۇنچە ئېلىشىپ بىر - ئىككى تال ئوق ئېتىپ قويۇپلا بۇرۇلۇپ قاچتى. كارۋاندىكى پىيادىلەرمۇ قاراقچىلارنى كۆرۈش بىلەنلا بەدەر قېچىشتى. ئەمىر يېرىم فەرسەخ نېرىسىدىن ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىپ كۈتۈشنى ئېيتتى. قاراقچىلار مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ئازلىقىنى، قوغدىغۇچى نۆكەرلەرنىڭمۇ سودىگەرلەر بىلەن بىللىلا بەدەر قېچىشقىنىنى

كۆرۈپ خوشاللىقىدىن بەخۇدۇك هالدا تېخىقلارنى ئاچقىلى تۇردى. ئۇلار ئالمىنى كۆرۈش بىلەنلا ۋاراسلىتىپ يېگىلى تۇردى. ئالما ئالالمىغانلىرى كۆپرەك ئېلىۋالغانلارنىڭ قوللىرىدىن تارتىشتۇرۇپ ئېلىپ يېيىشتى. شۇنداق قىلىپ قاراقچىلاردىن ئالما يېمىگىنى قالمىدى. بىرەر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا قاراقچىلار بىر ـ بىرلەپ تىك موللاق چۈشكىلى تۇردى. كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ئەمىر بىر دۆڭلۈككە چىقىپ كارۋاننى ۋە قاراقچىلارنى كۆز نەزىرىدىن ئۆتكۈزسە ئادەملەر ساينىڭ تېشىدەك يېتىشىپ كەتكەن، قارىماققا ھەممەيلەن ئۇخلاپ قالغاندەك قىلاتتى. ئەمىر تاغدىن ئوقتەك يۇگۈرۈپ چۈشكىنىچە: «مەرھابا جامائەت! سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئەقلى بىلەن قاراقچىلار تامام قىرىلىپ تۈگەپتۇ. يۇرۇڭلار قېرىنداشلار، تېز بولۇڭلار، تېخى ئۆلمىگەنلەر بولسا جەھەننەمگە ئۇزىتىڭلار» دەپ توۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاتلىرىنى قامچىلاپ، پىيادىلەر يۇگۈرۈشۈپ ئالغا تاشلىنىشتى. بېرىپ قارىسا جەسەتلەر ھەممىلا جايغا تاشلىنىپ يېتىشقان، قالقان، قىلىچ ـ شەمشەر ۋە ئوقيالار چېچىلىپ تۇرغانىكەن. پەقەت ئازغىنا قاراقچىلارلا ئۆلمىگەن بولۇپ، ئەمىرنىڭ نۆكەرلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا بەدەر قېچىشتى. ئەمىر باش بولۇپ قاچقانلارنى قوغلاپ كەتتى. قالغانلارمۇ ئارقىدىن ئەگىشىپ ئاتلىق ئاتلىقچە، پىيادىلەر يۇگۈرگىنىچە قاراقچىلارنى قوغلىدى. ئۇلار ئىككى پەرسەخ نېرىغىچە قوغلاپ قاراقچىلارنى تامام قىرىپ تاشلىدى. ئۇلاردىن بىرەرىمۇ بېرىپ خەۋەر يەتكۈزەلمىدى. ئەمىر ئۇلارنىڭ ياراقلىرىنى تۈگەل يىغىۋېلىپ يۈكلىۋىدى، نەچچە تۆگىگە يۈك بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كارۋاننى باشلاپ كېيىنكى راباتقا يېتىپ كېلىپ ئىدىتلاپ كۆرسە، بىر تال يىڭنە

چاغلىق چىقىم بولمىغانلىقى مەلۇم بولدى. جامائەت خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قېلىشتى. بۇ جايدىن ئەبۇ ئەلى ئىلياسنىڭ تۇرۇشلۇق جايىغا 12 پەرسەخ مۇساپە بار ئىدى. ئەمىر ئون نۆكەردىن مەھمۇدنىڭ ئۇزۇكىنى تېزدىن ئەبۇ ئەلى ئىلياسقا يەتكۈزۈشكە ماڭدۇردى ۋە بولغان ۋەقەنى ئۇنىڭغا بايان قىلدى.

ئەبۇ ئەلى ئىلياس ئۇزۇكنى ئالغان ھامان چەپراس بولۇپ تۇرغان قوشۇننى باشلاپ كۈچ بالۇچقا ئاتلاندى. ئەمىرنىڭ ئادەملىرى ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ يول بويى شۇ جايدىكى بىرەر تۇمەن ئاھالىنى قىرىپ تاشلاپ نەچچە مىڭ دىنارنى ئولجا ئالدى. يەنە كۆپلىگەن مال - مۈلۈكلەر، قىممەت باھالىق زىبۇ زىنىنەتلەر، قۇراللار ۋە مال - چارۋىلار غەنىيمەتكە چۈشتى. ئەبۇ ئەلى ئىلياس ۋە ئەمىر پۈتۈن غەنىيمەتلەرنى سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن مەھمۇد: «مەنكى مەھمۇد ئىراق زېمىنىغا ئاياغ باسقاندىن بۇيان كۈچ بالۇچ قاراقچىلىرىنىڭ بۇلاڭ - تالىڭىغا ئۇچرىغانلار بولسا ھۇزۇرۇمدىن نېسىۋىسىنى ئېلىۋالسۇن» دېگەن مەزمۇندا پەرمان جاكارلىدى. بۇلانغان كىشىلەر بەس - بەستە خان ھۇزۇرىغا كېلىپ رازىمەنلىك بىلەن قايتىشتى. شۇنىڭدىن 50 يىل ئۆتكۈچىمۇ بىرەر ئىنسان كۈچ بالۇچلۇقلارنىڭ ئوغرىلىق - بۇلاڭچىلىق قىلغىنىنى ئىشىتمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان مەھمۇد ھەممىلا ۋىلايەت - قەلئەلەرگە مەلۇماتچى ۋە خەۋەرچىلەرنى خىزمەتكە قويدى. شۇنىڭ بىلەن غەزنەۋىلەر زېمىنىدا بىرەر ئادەم باشقىلارنىڭ بىرەر چۈجە چاغلىق نەرسىسىنى زورلۇق بىلەن يەۋالسا ياكى باشقىلارنى بىرەر مۇشت ئۇرۇۋالسا رەي شەھرىدە تۇرۇۋاتقان سۇلتان مەھمۇد دەرھال

بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئىش تېرىغۇچىنى ئەدەپلەپ قويالايدىغان بولدى.

— دادا، بۇ ھېكايىدا، ئەقىل ـ پاراسەت ئىشلەتكەندە كۈچلۈك دۈشمەننىمۇ ئاسانلا يېڭىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدىكەن، شۇنداقمۇ؟

— ئەقىللىق قىزىم، مەن سورىغىچە جاۋابىنى بېرىۋالغىنىڭمۇ ئۇ؟

— ئەمدى قىسقاراق ھېكايىدىن بىرنى دەپ بېرە، تېخى ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس.

— ماقۇل قوزام، مەن ساڭا نىزامۇل مۇلكىنىڭ ئاچچىقىنى قانداق يېڭىش توغرىسىدىكى ھېكايەتلىرىنى ئېيتىپ بېرەي.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلۇغلاردىن بىرىنىڭ جىيەنى ھەم كۈيئوغلى ئەلىنىڭ ئوغلى ھۈسەين ئىبنى ئەلى ساھابىلار ۋە ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ نان يەۋاتقانىدى. شۇ كۈنى ئۇ ئۇچىسىغا ئېسىل تون، بېشىغا ياخشى دەستار ئارتقانىدى. ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە تۇرغان مۇلازىم بىر تاۋاق غىزانى ئۇنىڭ ئالدىغا قويماقچى بولغاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن تاۋاق قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ ھۈسەيننىڭ ئۇستۋاشلىرىنى تاماق بۇلغاپ قويىدى. ھۈسەيننىڭ غەزەپلەنگەنلىكىدىن چېكە تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ كەتتى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇلازىمغا قارىدى. مۇلازىم قورققىنىدىن ھۈسەينگە تىكىلىپ قاراشقىمۇ پېتىنالماي قاتتىق جازانى كۈتتى. شۇ چاغدا ھۈسەيىن: «ھەقىقىي تەقۋادارلارنىڭ ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار ۋە كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلار» ئىكەنلىكىنى دەررۇ يادىغا كەلتۈرۈپ غەزىپىنى ئۆزىدىن نېرى قىلدى ۋە مۇنداق دېدى:

«ئەي مەھرەم، سېنى ئەپۇ قىلدىم. سەن قەھرىمگە ئۇچراشتىن ھەزەر ئەيلىمىسەڭمۇ بولىدۇ.» سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ساھىبخانىنىڭ بۇ قەدەر مېھرىبان، سەۋرچان ۋە كەڭ قورساق ئىكەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتىشتى.

بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بولۇپ قارىسام قىزىم يەنە پۇشۇلداپ ئۇخلاپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى قىزىمنىڭ يەنە ھېكايە خۇمارى باشلاندى.

— قېنى دادا تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلەپ تۈگەتتىم، ئەمدى ھېكايەڭنى...

— ئەمىسە ئاخىرىدىكى سوئالغا بېرىدىغان جاۋابنى ئويلاپ قويارسىز ـ ھە، قىزىم.

## ئۇمىدنىڭ تېگى ئالتۇن

نۇشىرۋان ئادىل بىر كۈنى مۇلازىملىرى ۋە خىزمەتچىلىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. بىر قىشلاقنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ توقسانلارغا بېرىپ قالغان، ياڭاق تىكىۋاتقان بىر بوۋايغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇ ھەيران بولۇپتۇ، چۈنكى ياڭاق 20 يىلدىن كېيىن مېۋىگە كىرىدىغۇ، ئاندىن بوۋايدىن سوراپتۇ:

— ئاتا، تىكىۋاتقىنىڭ ياڭاق كۆچىتى بولسا كېرەك؟

— ھە، شاھىنشاھ، تىكىۋاتقىنىم ياڭاق كۆچىتى.

— ئۇ مېۋىگە كىرگۈچە ياشالايدىغانلىقىڭنى بىلەرسەنمۇ؟

— يوقسۇ بىلمەيمەن، ئالىي ھەزرەت.

— ئۇنداقتا نېمىشقا ئاۋارە بولۇۋاتىسەن ؟

— ئەجدادلار تىككەنلەرنى بىز يېدۇق. بىز تىككەنلەردىن

ئەۋلادلار بەھرىمەن بولار دېگەن ئۈمىد بىلەن تىكىلىۋاتىمەن.

نۇشىرۋان ئادىل بوۋاينىڭ جاۋابىدىن مەمنۇن بولدى ۋە ئۇنى مىڭ دەرھەم ئاقچا بىلەن مۇكاپاتلىدى. بوۋاي پادىشاھقا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ:

— خۇداغا شۈكۈر، تىككەن كۆچەتلىرىمنىڭ مېۋىسىگە مۆھلەتتىدىن بۇرۇن يېتىشتىم.

نۇشىرۋان ئادىل تەئەججۈپلىنىپ:

— قانداقىسىگە يېتىشتىڭ، قېنى ئەشۇ سەن يېتىشكەن مېۋە؟ — دېدى.

— مانا! — دېدى بوۋاي ھېلىقى پادىشاھ ئىنئام قىلغان مىڭ دەرھەمنى كۆرسىتىپ.

— سوئالىڭىزنى سوراڭ—دېدى قىزىم، ھېكايىنى سۆزلەپ بولۇپ سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلگىنىمنى كۆرۈپ.

— بوۋاينىڭ پەزىلىتىدىن نېمىنى كۆرۈۋالىمىز؟

— ئۇنىڭ پەزىلىتىدىن قەتئىي بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنىڭ، قېرىغاندىمۇ پۈت - قولنى بوش قويماسلىقنىڭ ناھايىتى كۆپ پايدىسى بارلىقىنى، ئۈمىدنىڭ تېگى ھەقىقەتەن ئالتۇن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىمىز.

— ياخشى، قىزىم. ئەمىسە تۆۋەندىكى ھېكايىگە قۇلاق سېلىڭ.

چۈشكۈنلۈكنىڭ ئىككى سەۋەبى

بۈزۈرجمېھىردىن سوراپتۇ:

— سەن بىر ۋاقىتلار ساسانىيلاردىن نۇشىرۋان ئادىلنىڭ ۋەزىرى بولغانسەن، ھازىر سەندەك ھەققانىي ۋە دانا ئادەمنى تېپىپ بولمايدۇ. ئېيتچۇ، ساسانىيلار دۆلىتى نە سەۋەبتىن



www.uyghurkitap.com

چېكىنىشكە ئۇچرىدى؟

— بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بار، — دېدى بۇزۇرجىمېھىر، بىرىنچىسى شۇكى، پادىشاھلار ئەتراپىدىن دانا ۋە پازىل كىشىلەرنى يىراقلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىشلىرىنى بىساۋات ۋە پەسكەش ئادەملەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ قويدى.

ئىككىنچىدىن، ھاكىمىيەت كۆپىنچە بالاغەتكە يەتمىگەن باللار ۋە خوتۇنلار قولىدا بولدى.

— قىزىم، بۇ ھېكايىدىكى ھېكمەتنى مەنلا سۆزلەپ بېرىۋېتەي، بۇ ھېكايىدە ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەرنى ئىشقا قويۇش ۋە ئادىللىقنىڭ دۆلەتنىڭ روناق تېپىشىدىكى ئاساس ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئەمدى تۆۋەندىكى ھېكايىغا قۇلاق سېلىڭ.

خۇسرەۋ پەرۋىزنىڭ ۋەزىرى بەھرام چۇبىن بىلەن مۇناسىۋىتى باشتا ياخشى ئىدى، ئۇنى كۆپ ھۆرمەت قىلدى، ئۇنىڭسىز ھەتتا غىزا يېمەيتتى، بىر پىيالە گۈلابنىمۇ ئىچمەيتتى، ئۇۋدىمۇ، سارايدىمۇ ئۇلار ھەمىشە بىللە بولاتتى. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ھىرات بىلەن سەرەخسنىڭ ئەمەلدارلىرى پادىشاھقا ھەر بىرسى بىر ھارۋىدىن زۆرۈر ۋە قىممەتباھا يۈك ئارتىلغان ئۇچيۈز تۆگە ئېلىپ كەلدى. خۇسرەۋ پەرۋىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بەھرام چۇبىنگە بېرىۋەتتى.

ئەتىسى خۇسرەۋ پەرۋىزگە «بەھرام چۇبىن غۇلامنى قېپىالىغاچ قىلىپ قاتتىق ئۇرۇپتۇ» دىگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. پادىشاھ دەرغەزەپ بولدى ۋە بەھرام چۇبىننى دەرھال چاقىرتىپ كەلدى. ئاندىن قۇر بېشىغا « قۇرخانىدىن بەش يۈز قىلىچ ئېلىپ چىق !» دەپ بۇيرۇدى. قىلىچ ئېلىپ چىقىلغاندىن كېيىن،

بەھرام چۈبىنگە قاراپ مۇراجىەت قىلدى:
— قېنى، بەھرام قىلىچلارنىڭ ئىچىدىن ياخشىلىرىنى تاللا!
بەھرام يۈز ئەللىك قىلىچنى خىللىۋالدى. شۇندىن كېيىن پادىشاھ يەنە دېدى:
— شۇ قىلىچلارنىڭ ياخشىسىدىن ئوننى تاللا!
بەھرام تاللاپ چەتكە قويۇپ قويدى.
پادىشاھ يەنە بۇيرۇدى.
— ئەمدى ئەنە شۇ ئون قىلىچ ئىچىدىن ئۆتكۈر ئىككىسىنى تاللا!
بەھرام ئەڭ ياخشى ۋە ئۆتكۈر ئىككى قىلىچنى تاللاپ ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويدى.
— ئەمدى، — دېدى پادىشاھ، — ھەر ئىككىلا قىلىچنى بىر غىلاپقا سال.
بەھرام چۈبىن ھەيران بولدى ۋە ئالدىن دېدى:
— ئەي ھەزرىتىم !قانداقلا قىلغان بىلەن ئىككى قىلىچ بىر غىلاپقا سىغمايدۇ ـ دە؟
پادىشاھ دېدى:
— ئانداق بولسا بىر دۆلەتتە ئىككى ھۆكۈمدار سىغامدۇ، ئۆزى؟...
— قېنى قىزىم بۇ ھېكايىدىكى ھېكمەتنى سۆزلەپ بېقىڭچۇ؟
— بىلەلمىدىم، دادا.
— ئەمىسە ئاڭلاڭ، ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتا بىر يولباشچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش، ئىنتىزامغا بويسۇنۇش زۆرۈر



www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. بولمىسا قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ، ئىشىنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ، دېمەكچى.
— ھە، مۇنداقكەندە، سىنىپىقىمۇ بىرلا سىنىپ باشلىقى بولىدۇغۇ، مەندەك.
— شۇنداق، ئەقىللىق قوزام، ئەمما تىرىشچانلىق ھەرقانداق ئورۇننىڭ باشلىقى بولۇشتىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەمدى تۆۋەندىكى ھېكايىغا قۇلاق سېلىڭ.

## ئاچ كۆز قازىنىڭ ئاقىۋىتى

بىر كىشى بۇزۇرجمېھىر ھۇزۇرىغا ئەرز بىلەن كېلىپ:
— كۆپ يىل تەر تۆكۈپ يىغقان ئىككى مىڭ دىنار ئاقچام بار ئىدى. ساياھەت ئالدىدا ئۇنى ھەميانغا سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم تىكىپ ۋە مۆھۈرلەپ، قازىنىڭ قولىغا ئامانەت قالدۇردۇم. قالغان پۇللىرىمنى ھىندىستانغا كېتىۋاتقاندا ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويدۇم ۋە ئامالسىز ئارقامغا ياندىم، بېرىپ قازىدىن ئامانىتىمنى ئالدىم. ئۆيۈمگە كېلىپ خالتىنى ئاچسام ئالتۇن دىنارلىرىم ئورنىغا مىس چاقىلار چىقتى. دەرھال ئۆيدىن چىقىپ قازىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئەسلىدىكى دىنارلىرىمنى تەلەپ قىلدىم.
— ھەميىنىڭنى ماڭا تاپشۇرغاندا ئىچىدە نېمە بارلىقىنى ماڭا ئېچىپ كۆرسەتكەنمىدىڭ؟ — دېدى قازى بىگىز قولىنى ماڭا تەڭلەپ تۇرۇپ.
— يوقسۇ، كۆرسەتكەن ئەمەس، — دېدىم.
قازى سۆزىنى داۋام قىلدى:
— ھەميانىنى مېنىڭدىن قايتۇرۇۋالغىنىڭدا ئۇنىڭ ئاغزى

ئوچۇقمىكەن ياكى مۆھۈرلەنگەنمىكەن؟!

—— مۆھۈرلەنگەنىكەن، —— دېدىم مەن.

شۇندىن كېيىن قازى مېنى مۇتتەھەمگە چىقىرىپ، خىزمەتكارلىرى ئالدىدا ئاغزىغا كەلگەن سۆز بىلەن ھاقارەتلەپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردى. ھازىر ياماقتا، بىر پارچە نانغا زار بولۇپ قالدىم. ماڭا ياردەم قىلىڭ.

بۇزۇرجمېھىر بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ھەميانىنى ئېلىپ قالدى. ئۇنىڭغا تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئازغىنە ئاقچا بەردى ۋە «ئىككى - ئۈچ كۈن قانائەت قىلىپ تۇر، بىر ئىلاجى تېپىلىپ قالۇر» دەپ ئۇنى خاتىرجەم قىلدى.

جەبىرلەنگۈچى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بۇزۇرجمېھىر ھەميانىنى سىنچىلاپ تەكشۈرۈپ كۆردى. لېكىن ئۇنىڭ سۆكۈلگەن، قايتا تىكىلگەن يېرىنى تاپالمىدى. كۆپ مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق «قازى خالتىنى كېسىپ، ئىچىدىكى ئالتۇن دىنارلارنى مىس چاقىلارغا ئالماشتۇرۇپ قويغان، ئاندىن خالتىنى بىلىنمەيدىغان ھالەتتە چېتىپ ئۇلاشتۇرغان» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. بۇزۇرجمېھىر گۇماننى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزمەك بولدى. زەر بىلەن تىكىلگەن يىپېنچىسى بار ئىدى. ئەتىسى ئورنىدىن تۇرغاچ، شۇ يىپېنچىسىنىڭ بىر چېتىنى پىچاق بىلەن كېسىپ قويدى. ناشتىن كېيىن «پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن ۋىلايەتكە ئۈچ كۈنلۈك يۇرۇپ كېتىمەن» دەپ ئېلان قىلدى. . .

ۋەزىرنىڭ ياتاقخانىسىنى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن كىرگەن فەرۇش ئورۇننى يىغىشتۇرۇۋېتىپ يىرتىق يىپېنچىغا كۆزى چۈشتى. ئۇ، قورققانلىقىدىن يىغلاپ كەتتى. نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي بېشى قاتتى. ئاخىرى بۇ ئىشنى ياشانغان بىر

خىزمەتكار دوستىغا ئاشكارىلىدى.
— رەقىبلىرىمدىن بىرى مېنى شەرمەندە قىلىش ئارقىلىق ئالىي دەرگاھتىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن شۇ ئىشنى قىلغان بولۇشى كېرەك. ئى خۇدا، ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ بۇنى غوجام بىلگۈدەك بولسا تېرەمنى شىلىۋالىدىغۇ! — دېدى فەرۇش ئۈنىڭغا.
دوستى ئىنچىتماقچى بولۇپ، ئۈنىڭدىن سورىدى:
— بۇ ئىشنى ئىككىمىزدىن باشقا يەنە كىم بىلىدۇ؟
— ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى فەرۇش.
ئاقساقال فەرۇشنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ دېدى:
— ئۇنداق بولسا ياخشى. غوجاڭ سەپەردىن يانغىچە بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىمىز. خاتىرجەم بول، — فەرۇشنىڭ دەردى يېنىكلەشكەندەك بولدى. ئاقساقالغا ئىلتىجا قىلىپ يالۋۇردى:
— ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، ئاتىجان! بۇنىڭ ئىلاجىنى تېزرەك تېپىڭ! بىر ئۆمۈرگە قۇلىڭىزبولاي! — ئاقساقال فەروشنى خاتىرجەم قىلدى.
—ئارتۇقچە تەشۋىش چەكمە، فەرۇش. مېنىڭ بۇ شەھەردە بىر تونۇش دوستۇم بار. ئىسمى بولسا ئابىد، ئۇ قولى گۈل ۋە چېۋەر، ھەرقانداق كېسىك ياكى يىرتىقنى مۇتلەق بىلىنمەيدىغان قىلىپ تۇتاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ دۇكىنى پالان بازارنىڭ پالان يېرىدە. ياپقۇچنى ياخشىلاپ ئوراپ، ئۇنىڭغا ئېلىپ بار. سورىغىنىنى بەرسەڭ ياپقۇچۇڭنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. ئىككەن يېرىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.
فەرروش شۇئانلا ياپقۇچنى داستىخانغا يۆگەپ بازارغا قاراپ

ماڭدى. سۇرۇشتۇرۇپ ياماقچى ئابىدىنىڭ دۇكىنىنى تاپتى. ئۇنىڭغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ تۇرۇپ:

— سادىغاڭ كېتەي ئۇستام، مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم. ياردەم قىل!

تىككۈچى ئابىد ماقۇل بولدى. فەروش تىككۈچىنىڭ ھەققىنى سورىغانىدى، تىككۈچى «يېرىم دىنار كۇپايە قىلۇر، ياپقۇچۇڭنى ئەتە ئېلىپ كەتسەڭ بولىدۇ» دېدى.

فەرۇش ئەتىسى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تىككۈچىنىڭ دۇكىنىغا باردى. تىككۈچى ياپقۇچنى ئۇنىڭ ئالدىدا ئېچىپ تۇرۇپ دېدى.

— قېنى فەرۇش، ئۇنىڭ ئۇلانغان يېرىنى تېپىپ باققىنە؟

فەرۇش ياپقۇچنى ئۇيان - بۇيانغا ئۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۇلانغان يېرىنى تاپالمىدى. خۇشاللىقتىن ياپقۇچنى ئەكىلىپ خوجايىنىنىڭ يوتقىنى ئۈستىگە يېيىپ قويىدى.

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ، چاشگاھ ۋاقتىدا بۇزرۇجمېھىر پايتەختكە قايتتى. ھاردۇق چىقارماقچى بولۇپ ياتاقخانىسىغا كىرىپ، دەرھال ياپقۇچنى تەكشۈردى، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى، فەرۇشنى چاقىرىپ سورىدى:

— بۇنىڭدىن 3 كۈن ئاۋۋال مانا بۇ ياپقۇچنىڭ بىر چېتى كېسىلگەن ھالدا كۆرگەنىدىم، ئەمدىلىكتە بولسا ساقمۇ ساق، قېنى، ماڭا توغرىسىنى ئېيت، ئۇنى كىم تۈزىدى؟

فەرۇش ئاۋال ئۆزىنى يوقاتتى، بىر ئازدىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ:

— ئاھ، ئالىي ھىممەتلىك غوجام! ياپقۇچنى ئەسلا يىرتىق ھالدا كۆرگىنىم يوق، — دېدى.

بۇزرۇجمېھىر فەررۇشنى يېنىغا تارتىپ، بولغان ئەھۋالنى

بىرمۇ بىر ئۇنىڭغا ھېكايە قىلىپ بەردى، ئاندىن ئاشۇ قولى گۇل ئۇستامنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بېرىشنى ئۇنىڭدىن ئىلتىماس قىلدى. فەرۇش بۇ قېتىم بولغان ئىشلارنى ئەينەن سۆزلەپ بەردى. بۇزرۇرجمېھىر ئۇستىنى چاقىرىپ كەلدى. ئۇستام ۋەزىرنى كۆرۈپ يۈرىكى چىقىپ كېتەي دەپ قالدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئايىغى يىقىلىپ تۇۋۋا قىلماقچى بولدى. لېكىن بۇزرۇرجمېھىر ئۇنىڭ قولىدىن تۇتقان ھالدا ياپقۇچنى كۆرسىتىپ ئاستا سورىدى:

— بۇنى سەن يېپىشتۇرغانمۇ؟

تىكىمچى بولغان ئىشلارنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى ۋە تەن ئالدى.

بۇزرۇرجمېھىر سوراشنى داۋام قىلدى:

— قولۇڭ گۇل ئىكەن، تىكىمچى، قېنى راست گەپ قىل، بۇ شەھەردە سەندىنمۇ ئۇستا تىكىمچى بارمۇ؟

— ياق ۋەزىرى ئەزەم، مەندىن ئۆتىدىغىنى يوق، — دېدى ئۇستا ئابىد.

بۇزرۇرجمېھىر ئۇنىڭدىن مۇشۇ يىل مابەينىدە بىرەر كىشى، مۇشۇ ياپقۇچتىن باشقا بىرەر زەر بىلەن تىكىلگەن نەرسىنى ئۇنىڭغا ياماتقان ـ ياماتمىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلدى. تىكىمچى بىر ئاز بېشىنى قاشلىغاندىن كېيىن:

— قازى ئۇلقۇزراتىنىڭ كۆك بىر ھەميانى كېسىلگەن ئىكەن، ئىككى دىنار بەدىلىگە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرگەنىدىم.

بۇزرۇرجمېھىر ئاستىدىن ھېلىقى ئەرز ـ داد بىلەن كەلگەن ئادەمنىڭ ھەميانىنى ئېلىپ ئۇستىغا كۆرسەتتى.

— ئەسلىگە كەلتۈرگەن خالتاڭ شۇمىدى؟

ئۇستا ئابىد بىر كۆرۈش بىلەنلا ھەميانىنى تونۇدى.

www.uyghurkitap.com

— ھە، شۇ ئىدى، ۋەزىر ئەزەم.

بۇزرۇجمېھىر ئۇستا ئابىددىن يان ئۆيگە كىرىپ تۇرۇشىنى ئۆتۈندى. ئاندىن باشقا بىر خانىغا ئېلىپ كېلىنگەن قازىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتتى. ھەمياننى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سەن مۇتتەھەم ئامانەتكە خىيانەت قىلدىڭ. بىراۋنىڭ ئالتۇنلىرىنى ئۆزۈڭ ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مىس چاقىلارنى سېلىپ قويغانسەن. شۇ توغرىمۇ؟

قازى قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ:

— ياق، ۋەزىر ئەزەم، مەن ئەسلا بۇنداق قىلغىنىم يوق. بىراۋنىڭ ھەققىدىن قورقىمەن، — دېدى.

ۋەزىر باشقا خانىدا كۈتۈپ تۇرغان ئۇستىنى چاقىردى - دە، قازىغا:

— سەن ھەميان ئىچىدىكىنى كېسىۋېلىپ ئاندىن شۇ ئادەمگە ئېلىپ ئاپىرىپ ياستىپ، ئەسلىگە كەلتۈرگەنسەن. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئۇستا ئابىد قازىنى بىر قاراشتىلا تونۇغانلىقتىن، بۇزرۇجمېھىرگە بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. قازىنىڭ ئەزايى - بەدەنلىرىنى تىترەك باستى. شەپقەت سوراپ ۋەزىر ئەزەمنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى.

بۇزرۇجمېھىر ھېلىقى بىچارىنىڭ ئالتۇنلىرىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئامانەتكە خىيانەت قىلغان قازىنىڭ بېشى كېسىلدى.

— قېنى قىزىم، ئەمدى جاۋاب بېرىڭچۇ، بۇ ھېكايىدىكى قازى قانداق ئادەمكەن؟

— قازى، ئالدامچى، ھىيلىگەر، باشقا ئادەملەرنىڭ ھەققىنى ئېلىۋېلىشتىن قورقمايدىغان ئەسكى ئادەمكەن، دادا.

— ئەقىللىق قىزىم، شۇنداق ئادەملەرگە يولۇققاندا قانداق قىلىش كېرەك.
— بۇ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرەلمىگۈدەكمەن، دادا، سىز ئېيتىپ بېرىڭە؟
— ماقۇل قىزىم، بۇنداق ئادەملەرگە پەقەت ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ كۈچى ئارقىلىقلا زەربە بەرگىلى، ئۇنىڭ ئەپت ـ بەشرىسىنى ئېچىپ تاشلىغىلى بولىدۇ. ئۇنداقتا سىزدىن سوراپ باقاي قىزىم، ئەقىل ـ پاراسەت نەدىن كېلىدۇ؟
— مەكتەپتە ئىرىشىپ ئوقۇغاندا ئەقىللىق بولغىلى بولىدۇ.
— بارىكاللا قىزىم، يەنە تاپشۇرۇقنىڭ يېرىمىنى ئىشلەپ بولۇپ بەل قويۇۋېتىدىغان ئىرادىسى ئاجىز بالا بولارسىزمۇ؟
— ياق، خاتىرجەم بولۇڭ دادا، ئەمدى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن چوقۇم تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلەپ بولۇپ ئاندىن باشقا ئىش قىلىمەن. يەنە دادا، تېزراق چوڭ بولۇپ، ساۋاتىمنى چىقىرىپ، سىزگە ئوخشاش مۇشۇنداق قىزىقارلىق، توم ـ توم ھېكايە كىتابلىرىنى ئوقۇيمەن.
— تەڭرىم تىلىكىڭىزگە يەتكۈزسۇن تومىلاق قىزىم!...

## گۆش پۇرىسا داۋاسى تۇز، تۇز بۇزۇلسىچۇ؟

كۈنلەردىن بىر كۈنى دەيلەم پادىشاھى ئەزۇددەۋلىنىڭ زاكاتچىلىرىدىن بىرى ئىراقتىن كېلىۋېتىپ يولدا بىر يىگىتكە دۇچ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستۈېشى جۇلدۇر، يۈزى سارغايغان، قاش ـ قاپىقى كالتەك زەربىسىدىن ئىششىپ كۆكىرىپ كەتكەن. يىگىت زاكاتچىغا ئىككى پۇكۇلۇپ تەزىم قىلىدى. زاكاتچى ئۇنىڭ نېمە

قىلىپ تۇرغانلىقىنى سۇرۇشتۇرگەنىدى، يىگىت زارلانغان ھالدا:
— بىر ئۆزۈم يالغۇز مېڭىشتىن قورقۇپ، شېرىك كۈتۈپ تۇرغانىدىم. ئى ياخشى ئادەم! مېنى ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە ئېلىپ ماڭ! بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنى ئادىلمىكىن، قازىسى ھەقىقەتچىمىكىن دېگەننى ئويلاپ كېلىۋاتقانىدىم.
— ئۆزۈڭ نېمىلەرنى سۆزلەۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى زاكاتچى، — ئەزۈەدەۋلىدەك پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ قازىسىدەك ھەقىقەتچى قازىنى تاپىمەن، دەپ خىيال سۈرۈپ يۈرەمسەن؟
— ئەگەر پادىشاھتا ھەققانىيەت بولغاندا ئۇنىڭ ئادەملىرى بولۇپمۇ زېرەك قازىسى توغرا نىيەتلىك ئادەم بولار ئىدى. قازىسى توغرا نىيەت بولمىغاندا، پادىشاھى ئادالەتلىك بولارمىدى؟
زاكاتچى يىگىتنىڭ نارازىلىق سەۋەبلىرىنى سۈرۈشتۈردى. يىگىت يول بويى كېلىۋېتىپ، ئۆز شەھىرىدە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى، ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى زاكاتچىغا بىر-بىرلەپ سۆزلەپ كېلىپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:
— مەن، بۇ شەھەرنىڭ پالان كوچىسىدا ئىستىقامەت قىلىدىغان بىر سودىگەرنىڭ ئوغلىمەن، ئاتامدىن كۆپ بايلىق قالغان. بىر نەچچە يىل غەم - ئەندىشىسىز ئەيش - ئىشرەت قىلىپ ئاتامدىن قالغان بايلىقنى يەپ - ئىچىپ يۈردۈم. بىر چاغدىن كېيىن ئېغىر بىر دەردكە مۇپتىلا بولدۇم. ئۆلۈپ كەتسەم كېرەك، دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۆلمەي قالسام ئەلۋەتتە مەككە - مەدىنىنى زىيارەت قىلىمەن، دەپ نىيەت قىلدىم. خەيرىيەت، تېخى ياشايدىغان كۈنۈم بار ئىكەن، ساقىيىپ قالدىم. خۇشاللىقىمدىن بارلىق چۆرە قىزلارنى ۋە قۇللىرىمنى ئازاد

قىلىۋەتتىم. تىللالىرىم بىلەن يەر ـ سۇلىرىمنى كەمبەغەللەرگە تەقسىملەپ بەردىم. ئاندىن ئۆي ـ جايدىن ئىبارەت روزغارىمنىمۇ سېتىۋەتتىم. ھەممىسى بولۇپ قولۇمغا ئەللىك مىڭ دىنار پۇل چۈشتى. ھەج قىلىش تەييارلىقىغا كىرىشتىم. لېكىن شۇنچە كۆپ پۇلنى ئۆزۈم بىللە ئېلىپ مېڭىشقا كۆزۈم يەتمىدى. چۈنكى يول يىراق ۋە خەتەرلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇلنىڭ بىر قىسمىنى يۇرتۇمدا قالدۇرۇپ مېڭىشقا قارار قىلدىم. بازارغا بېرىپ ئىككى مىس ئاپتۇۋا سېتىۋالدىم. پۇلدىن يىگىرمە مىڭ دىنارنى تەقسىملەپ ئىككى ئاپتۇۋىغا جايلاشتۇردۇم. كىمگە تاپشۇرسام بولار دەپ كۆپ باش قاتۇردۇم. ئاخىرى قازىغا تاپشۇرۇپ كېتىشكە قارار قىلدىم. چۈنكى مۆمىن مۇسۇلمانىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغداش ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغانىدى. شۇ سەۋەبلىك كەچقۇرۇن قازىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ سۆزلەشتىم. ئۇ رازى بولغاچقا خوشال بولۇپ قايتتىم. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئاپتۇۋىلارنى ئېلىپ بېرىپ قازىنىڭ قولىغا تاپشۇردۇم.

ئەتىسى سەپەرگە ئاتلاندىم. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، مەككە ـ مەدىنىنى زىيارەت قىلىپ بىر نەچچە يىل ئەرەبىستان بىلەن رۇم شەھەرلىرىنى ئايلاندىم. رۇمدا تۆت يىل زىنداندا ياتتىم. قەيسەر رۇم بىلەن قاتتىق يامانلىشىپ قالغاچقا ئومۇمىي كەچۈرۈم ئېلان قىلىندى، مەنمۇ كۆپچىلىكنىڭ قاتارى ئازاد بولدۇم. يەنە بىر نەچچە يىل كېمىچىلەرگە خىزمەت قىلىپ، تىرىكچىلىك ئۈچۈن پۇل يىغدىم. شۇنداق قىلىپ ئون يىل دېگەندە يۇرتۇمغا يېتىپ كەلدىم. باغداد قازىسىنىڭ قولىدا يىگىرمە مىڭ دىنار پۇلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن ھايات تەشۋىشلىرىدىن خاتىرجەم ئىدىم. شۇ كۈنىلا قازىنىڭ ئالدىغا باردىم. ئۇ مېنى تونۇماسقا سالدى. ئۇنىڭغا

قارىماي بىر قانچە قېتىم ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا قاتنىدىم. لېكىن ماڭغان يوللىرىم بىكارغا كەتتى. ئاچ - يالىڭاچ قالغىنىم ئۈچۈن، تونۇش - بىلىشلەرنىڭ قېشىغا بېرىشقا تارتىندىم. كېچىلىرى مەسچىتتە، كۈندۈزلىرى ئۇيەر - بۇيەردە يوشۇرۇنۇپ يۈردۈم. يەتتىنچى كۈنى يەنە قازىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ «ئاپتۇۋىلىرىمنى بەر» دەپ قاتتىق تۇردۇم.

— مەن سېنى مۇتلەق تونۇمايمەن. سەن دېگەن يىگىت ياخشى كىيىنگەن، ئالىيجاناب يىگىت ئىدى. سەن بولساڭ. . . — دېدى قازى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ.

— تەقسىر قازاخۇنۇم! مەن شۇ يىگىت بولىمەن. يوقسۇزلۇقتىن شۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالدىم، — دېدىم ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ.

— يوقال كۆزۈمدىن بەتبەخت! — دېدى قازى جان - جەھلى بىلەن.

— خاپا بولماڭ. قازى ئاكا، تەڭرىدىن قورقمامسىز؟ مەيلى يىگىرمە مىڭ تىللادىن بەش مىڭى سىزنىڭ بولسۇن، قالغىنىنى بېرىڭ، — دەپ تىز چۆكۈپ يىغلىنىپ يالۋۇردۇم.

— ئەقلىدىن ئېزىپسەن، بالىجان! ئۆزۈڭنى بىلىپ قايتىپ كەت. بولمىسا مىرشاپنى چاقىرىپ سېنى زىندانغا تاشلايمەن، — دەپ پوپوزا قىلدى قازى.

قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئويلاپ مۇلاھىزە قىلىپ كۆردۈم. گۆش پۇراپ قالسا يۇيۇپ، تۇز سېسىپ قويۇلىدۇ. لېكىن تۇز بۇزۇلسا قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەر قانداق جىنايەتنىڭ چىگىشلىكىنى قازى يېشىدۇ، لېكىن قازى جىنايەتكە چېتىلسا ئۇنداقتا كىمگە ئەرز قىلىسەن؟ شۇ ئوي - خىيال بىلەن قازىنىڭ يېنىدىن

چىقتىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىغا بارمىدىم.

زاكاتچى ئالىيجاناب يىگىتنىڭ بىچارە ھالىغا رەھمى كېلىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا قارار قىلدى. شەھەرگە يېقىنلىشىپ قالغاندا ھەمسەپىرىگە قاراپ:

— خاپا بولما، ئىنىم! ھەممىشە ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ بولسا، ئون بەشى قاراڭغۇ بولىدۇ. شەھەردە بىر تونۇشۇم بار، ئەتىمىز خۇداغا ئامانەت.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ چۈشتى. داستىخان مول بولدى. ھەممىسى ئۇخلىغاندىن كېيىن زاكاتچى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقىپ ساھىبخاننى چاقىرىپ، ئۇنىڭ قولىغا خەت تۇتقۇزدى ـ دە، «تېزلىك بىلەن سارايغا بېرىپ بۇ خەتنى ئەزۇددەۋلەگە يەتكۈز!» دېدى.

ساھىبخان زاكاتچىنىڭ خېتىنى سارايغا يەتكۈزدى. ئەزۇددەۋلە خەتنى ئوقۇپ كۆرۈپ شۇ زامان زاكاتچىغا ئادەم ئەۋەتىپ، يىگىتنى ئەتىسى كەچقۇرۇن سارايغا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

زاكاتچى بىلەن بىچارە يىگىت ئەتىسى دەم ئېلىپ، ھاردۇق چىقاردى، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن زاكاتچى ھەمراھىغا:

— قېنى، تەييارلان ئىنىم، سارايغا بېرىشىمىز كېرەك. پادىشاھ چاقىرتىپتۇ، — دېدى.

— بۇ ياخشىلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى شۈبھە بىلەن، ئەجەبلەنگەن ھالدا يىگىت.

— خەيرلىك بولغاي، بۇرادەر. لېكىن چۆچۈمە، پادىشاھىمىز ئادىل ۋە ھەققانىيەتپەرۋەر ئادەم، خاتىرجەممەنكى، سېنىڭ مۇشكۇلۇڭ مۇشۇ يەردە ئېچىلغاي.

زاكاتچى يىگىتنى ئەزۇددەۋلەنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى.

پادىشاھ ئۇنى خىلۋەت خانىسىغا باشلاپ كىردى، يىگىت ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى. ئەزۋەدەۋلە يىگىتنىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا بەكمۇ ئىچىنغان ھالەتتە:

— ئەسلىدە قازىنى مەن تەيىنلىگەنمەن. مائاشىنىمۇ كەم قىلماي بېرىپ تۇرىمەن. باشتا ئىنساپلىق، دىيانەتلىك ئادەم ئىدى. مائاشقا قانائەتلىنىپ روزغارىنى باشقۇراتتى، پارا ئالماس ئىدى. لېكىن كېيىنچە ئاينىدى. ھازىر باغدات تەۋەسىدە كۆپ يەر ـ سۇلىرى، باغۋارانلىرى، شەھەردە قاتار ـ قاتار دۇكانلىرى، ساندۇق ـ ساندۇق قىممەت باھا بۇيۇملىرى، گۆھەر ـ جاۋاھىرلىرى بار. بىلمەنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر مائاش بىلەن ئالغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنى ساڭا ئوخشاش مۆمىن مۇسۇلماننى قاقتى ـ سوقتى قىلىش ئارقىلىق توپلىغان. قالغىنىنى ماڭا قويۇپ بەر، يىگىت. قازى بىلەن ئۆزۈم ھېساب ـ كىتاب قىلىمەن. مانا بۇ 200 دىنارنى ئالغىن‌دە، ئىسپاھانغا بېرىپ پالانچىنىڭكىدە ئىستىقامەت قىلىپ تۇر، كېيىن ئۆزۈم چاقىرتىمەن، — دېدى پادىشاھ ئاقچا سېلىنغان خالتىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ.

ئارىدىن ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتتى. قازى دەۋاگەر يىگىتنىڭ باغداتتا كۆرۈنمىگەنلىكىدىن خۇرسەن بولدى.

— بەلكىم ئۆلۈپ كەتكەندۇر، بەچچىغەر! يىگىرمە مىڭ دىنار ئەمدىلىكتە مېنىڭ بولدى، — دەپ سۆيۈندى.

ئارىدىن يەنە ئىككى ئاي ئۆتتى. قازىنى بىردىنلا ئەزۋەدەۋلە چاقىرىپ قالدى. ئۇنى خىلۋەتخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ سوراق قىلدى.

— سېنى نېمە سەۋەبتىن چاقىرغىنىمنى بىلەمسەن ؟

— ئۆلۈمدىن خەۋىرىم بار، لېكىن چاقىرىشىڭنىڭ سەۋەبىنى

بىلمەيمەن. ئالىي ھەزرەتنىڭ ئۆزلىرى ياخشى بىلىدۇ.
—— شۇ كۈنلەردە ئاخىرەتنى ئويلاپ قالدىم، —— دەپ ئاستا سۆز باشلىدى ئەزۇددەۋلە، —— كۈنۈم ئاخىرلاشقان ئوخشايدۇ. يا بىرەر رەقىبىنىڭ قولىدا ئۆلىمەن. يا بولمىسا ھەزرىتى ئەزرائىل ئامانەتنى ئۆزى ئېلىپ كېتىدۇ. بۇندىن كېيىن، ئۆمرۈمنىڭ قانچىلىكى قالغان بولسا، ئەمدى بىچارىگە، يوقسۇللارغا ياردەم قىلماقچىمەن. سارايدا قانچىدىن ـ قانچە ئاياللار ۋە بالىلار بار. مەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتلىقىمدا مال ـ مۈلكۈمنىڭ بىر قىسمىنى مۇشۇلارغا ئاتاپ بىرەر مۆتىبەر يەرگە ئامانەت قويسام، دەيمەن. بۇ ئامانەتنى ساڭا ئىشىنىپ تاپشۇرماقچىمەن. نېمە دەيسەن؟
—— قۇللۇق، ئالىي ھەزرەت. ئىشەنچىڭىز ئۈچۈن تەشەككۈر.
ئەزۇددەۋلە قازىنىڭ قولىغا بىر خالتا پۇل تۇتقۇزۇپ:
—— ئۆيۈڭدە بىرەر پاناراق جايدىن گەمە قازدۇر، ئىچىگە پىششىق خىش تام قوپۇرۇپ چىق، تۆمۈردىن مۇستەھكەم ئىشىك بولسۇن. بۇ ئىش پۈتكەندىن كېيىن، ئاجرىتىلغان خەزىنىنى قولۇڭغا تاپشۇرىمەن.
—— بولىدۇ، ئالىي ھەزرەت، دېگەنلىرىڭىزدىن زىيادە قىلىپ بېجىرىمەن.
قازى يول بويى خۇرسەن بولۇپ، غايىبانە كېلىۋاتقان كاتتا بايلىقنى ھېساب ـ كىتاب قىلىپ ماڭدى. پادىشاھنىڭمۇ كۈنى تۈگىگەن، بۇگۈن بولمىسا ئەتە ئۆلۈپ كېتىدۇ. مانا ئەمدى بىر ئۆمۈرگە راھەت ـ پاراغەتتە ئۆمۈر ئۆتكۈزسەك بولىدۇ. ئىشلىمەي يەپ ياتساقمۇ ئەۋلاد ـ ئەۋلادقا كۈپايە قىلىدۇ بۇ بايلىقلىرىم، دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە. شۇ تەرىقە بىر ئاي دېگەندە يەر ئاستى ئۆيىمۇ

پۇتتى. قازى سارايغا بېرىپ پادىشاھقا خەۋەر قىلدى.

— رەھمەت ساڭا، مېنى ئەندىشىدىن قۇتقازدىڭ. سارايدىكى تۇل - بىچارە، يېتىم - يېسىرلار ئۈچۈن بەش يۈزمىڭ دىنار ئاقچا بىلەن بىر تالاي كىيىم - كېچەك ئاجراتقانمەن. يەنە قوشىدىغانلىرىممۇ بار. ئۇمۇمەن بىر ھەپتە ئىچىدە بارلىقى تەييارلىنىدۇ. مېنى ئەتە كەچتە كۈتكىن. بېرىپ يەر ئاستى ئۆيىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشۈم كېرەك.

قازى كەتكەچ، ئەزۇددەۋلە ئىسپاھانغا چاپارمەن ئەۋەتتى ۋە بۇندىن ئون يىل مۇقەددەم قازىغا ئامانەت قالدۇرغان ھېلىقى يىگىتنى چاقىرىپ كەلدى. قازىنى بولسا دۈشەنبە كۈنىگە چاقىردى. شۇنىڭغىچە خەزىنىچىنى چاقىرىپ ئاجرىتىلغان ئالتۇن بىلەن جاۋاھىرلارنى بىر يۈز قىرىق ئاپتۇۋىغا، كىيىم - كېچەكنى قىرىق ساندۇققا سالدۇرۇپ، سارايدىكى خادىملاردىن بىرىگە تاپىلاپ تەق قىلىپ قويدى.

قازى بۇلارنى كۆرۈپ ھاڭ تاڭ بولۇپ قالدى.

— ئەمدى ئۆيۈڭگە كېتىۋەر، — دېدى پادىشاھ قازىغا، — بۇلارنى سېنىڭكىگە پالانى كۈنى ئۆزىمىز ئېلىپ بېرىپ قويىمىز.

قازى كېتىشى بىلەن ئەزۇددەۋلە ھېلىقى يىگىتنى چاقىرىپ كەلدى.

— ھازىرلا قازىنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ ئامانىتىڭنى قىستا، «بەرمىسەڭ ئەزۇددەۋلىگە بېرىپ ئۈستۈڭدىن ئەرز قىلىمەن» دېگىن، بەرسە تېخى ياخشى، بەرمىسە باشقىچە چارە - تەدبىر كۆرىمىز.

يىگىت قازىنىڭكىگە بېرىپ، پادىشاھ ئۆگەتكەن گەپلەرنى ئېيتتى. قازى ئويلاپ قالدى. باشتا شۇنچە بايلىقنى بېرىشكە

كۆزى قىيمىدى، ئويلاپ ـ ئويلاپ ئاخىرى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈپ، يىگىتنىڭ ئاپتۇۋىسىدىكى پۇللىرنى قايتۇرۇپ بەردى. «يىگىرمە مىڭ دىنارنى دەپ بەشىيۇزمىڭ دىناردىن ئايرىلىپ قالايمۇ» — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە...

ئەتىسى ئەزۇدەۋلەنىڭ پەرمانى بىلەن خەقنىڭ ھەققىدىن قورقمايدىغان پارىخور قازى باش ـ كىيىمسىز، يالاڭ ئاياغ ۋە سەللىسى بوينىغا يۆگەلگەن ھالدا شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىندى...

ئەپسۇس، قىزىم بۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا ئۇخلاپ قاپتۇ ئەمەسمۇ، بۇنىڭ ھېكمىتىگە جاۋاب بېرىش كىتابخانىنىڭ ئۆزىگە قالدى.